9
2014

شىنجاڭ ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقتىكى شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى
新疆新闻出版“东风工程”

# يېزا پەن-تېخنىكىسى

# 农村科技



ئۈرۈمچى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ
مەملىكەتلىك ئىلغار يېتەكچى شەرىپىگە ئېرىشكەن
مۇنەۋۋەر سىنىپ مەسئۇلى — ئابلىكىم رەھىم

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
09>
9 771004 109006

# ئۈزۈمنى قوش قۇۋەت يالتىراق يوپۇق بىلەن قىشتىن ئۆتكۈزۈش تېخنىكىسى



جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ ئېكولوگىيە - جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىدىن

ئالاقىلاشقۇچى: لى يىنفاڭ 13199857221

بۇ تېخنىكا ئاددىي، تېجەشلىك بولۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرىدۇ. تەپسىلاتىنى «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى 2014 - يىل 8 - سان ژۇرنالنىڭ 43 - بېتىدىكى ماقالىدىن كۆرۈۋېلىڭ



2014 - يىل 9 - سان
(ئومۇمىي 353 - سان)

يېزا پەن - تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا

## تېرىش پەرۋىش

تېمىتېپ سۇغىرىلىدىغان كۆزگى بۇغداينى كىرىس شەكىللىك تېرىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ........................................ نۇرنىسا تۇراپ (1)

كۆزگى بۇغداي تېرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ........................ گۈلباھار ئابلىز (5)

كۆزگى بۇغداي تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلەر ...................... ئايشەم ياسىن (6)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن مۇچىنىكى كۆيدۈرگە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ........................................ ئارزۇگۈل يۈسۈپ قاتارلىقلار (7)

پارنىكتا يېتىشتۈرۈلىدىغان كۆكتات مايسىسى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تۇپىسى ياساش ئۇسۇلى ........................................ رىزۋانگۈل ياقۇپ (9)

پارنىك كۆكتاتلىرىنىڭ ئۈششۈك زىيىنىغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى ........................................ مەلىكە (11)

## ئوغۇت تۇپراق

تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ............ ئەمرۇللا سەيدۇللا قاتارلىقلار(12)
تۇپراق قېتىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ........................................ روشەنگۈل (14)
كۆكتات يېرىنىڭ شورىنى قايتۇرۇشتىكى ئەپچىل چارىلەر............ سايىمگۈل ئۆيۈپ (16)

## باغۋەنچىلىك

چىلان دەرىخىنى پەرۋىش قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار .................. پەزىلاگۈل تۇردى (17)
چىلان مېۋىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى ...... توختاشگۈل ئېلى (20)
تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغلارنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ....... مەنىساگۈل مەمتىمىن (21)
ئانارلىق باغلارنىڭ كۆزلۈك پەرۋىشى ........................... ئابلەت ئابلىز (23)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

تۆۋەن تېمپېراتۇرا، ئاجىز يورۇقلۇقنىڭ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ........................................ گۈلزار نۇرمەمەت قاتارلىقلار (25)

نەشپۈتتە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى... ئالىيە ئابدۇكېرىم (26)
يۇقىرى زىچلىقتا تېرىلغان كېۋەزنىڭ غۇنچە، غوزىسى تۆكۈلۈش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ........................ شەرۋانىگۈل تۇرسۇنجان قاتارلىقلار (28)
كېۋەز ئېتىزلىرىدىكى ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۇسۇلى ..........................................مېھمانگۈل سايىم (29)
كۆكتاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى ................................ هۆرمەت ساۋۇت (31)
ئۈزۈمدىكى ئاق توزان كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ...........گۈلسۈم ئويۇپ قاتارلىقلار (32)
شاپتۇلنىڭ يېلىم كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .................... ئەكپەر قېيۇم (36)
كېۋەز يوپۇرماق تومۇزغىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...ئارزۇگۈل رېھىم (37)

## سۇچىلىق

سۇ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ....................... رەيھانگۈل ئابدۇمۆمىن (39)
تاقاق، چىغرىقلارنى بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى ................... ئەخمەتنىياز ئەبەيدۇللا (41)
ئۈزۈمنى سۇغىرىشنىڭ هالقىلىق مەزگىللىرى ............................ زەينۇر ئەزىز(42)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

چۈجىلەرنىڭ فورازولىدوندىن زەهەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش .......... رەيھانگۈل توختى (44)
ئۆرۈك قېقىدا قوي بورداش ئۇسۇلى ............................................. روزى ياسىن (45)
ئىنەكنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى پالەچلىك كېسىلىنى داۋالاش ................ ياسىن هەبىبۇل(47)
رايون ئاتلاپ چارۋا توشۇغاندا ئۇلۇشنى ئازايتىش ئۇسۇلى ..................... ساۋۇت رىشىت (48)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسپلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ....... دىلنۇر مۆمىن (51)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرايلى ........... كەنجاخۇن ئېزىز (53)
دېھقانلار كەسپى هەمكارلىق كوپېراتىپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى ............ رەخمىتۇللا شەمشىدىن (55)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ..............(58)

## يېزا ئەدەبىيات سەنئىتى

ئىتتىپاقلىق هەققىدە قوشاقلار.........................مۇھەممەتجان ئىسمائىل پۇناقى (60)

باش مۇھەررىر: مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەررىر:
هەلىمە تۇرسۇن ئەنۋەر مۇھەممەت ئابلەت هەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2014 年第 9 期
总 353 期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

冬小麦"井"字形播种高产栽培技术 …… 努尔尼山·吐拉甫(1)
冬小麦栽培管理注意事项 …… 古丽巴哈尔·阿布力孜(5)
冬小麦播前准备工作 …… 阿衣先木·牙生(6)

## 设施农业

温室辣椒炭疽病防治方法 …… 阿孜古丽·玉素甫等(7)
温室蔬菜营养土配制方法 …… 热孜完古力·牙合甫(9)
温室蔬菜冻害解救措施 …… 买力开(11)

## 土壤肥料

低产田改良措施 …… 艾米热拉·赛都拉等(12)
预防土壤僵化及促进其腐殖化措施 …… 茹仙古丽(14)
盐碱土壤退碱方法 …… 沙依木古丽·吾尤甫(16)

## 园艺特产

红枣树栽培要点 …… 排孜拉古丽·吐尔地(17)
秋后红枣树栽培管理 …… 托乎达西古丽·艾力(20)
低产杏园改良措施 …… 买尼沙古丽·买买提明(21)
石榴园秋季栽培管理 …… 阿布来提·阿布力孜(23)

## 植物保护

低温弱光对蔬菜生长发育的影响 …… 古丽扎尔·努尔买买提等(25)
香梨常见病的防治方法 …… 阿丽亚·阿布都克力木(26)
高密度栽培棉花落花、落蕾原因及防治方法 …… 夏尔瓦古丽·吐尔逊江等(28)
棉田除草剂药害预防措施 …… 米满古丽·夏依木(29)
蔬菜常见病识别及防治 …… 吾尔买提·沙吾提(31)
葡萄白粉病防治措施 …… 古丽素木·吾玉甫等(32)
桃树流胶病防治方法 …… 艾克帕尔·克依木(36)

棉叶蝉防治方法……阿孜古丽·热依木(37)

## 农田水利

水污染防治方法……热汗古丽·阿不都木明(39)
水闸、启闭机安全使用方法……艾合买提尼亚孜·艾拜杜拉(41)
葡萄灌溉最佳时期……再努尔·艾孜孜(42)

## 畜牧兽医

雏鸡痢特灵中毒防治……热汗古丽·托乎提(44)
绵羊杏干育肥方法……肉孜·牙森(45)
母牛产后瘫痪治疗方法……亚森·艾比布拉(47)
运输过程减少牲畜死亡方法……沙吾提·热西提(48)

## 农业机械

农机服务职业化的特点……地力努尔·木明(51)

## 农经管理

改善农业产业结构提高农民收入……坎加洪·伊斯孜(53)
农民专业合作社标准化方法……热合木吐拉·夏米西(55)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法……(58)

## 农村文艺

团结之诗……买买提江·司马义(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN 65－1046/S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# تېمىتىپ سۇغىرىلىدىغان كۆزگى بۇغداينى كىرىس شەكىللىك تېرىپ يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

نۇرنىسا تۇراپ
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 842100)

بۇغداينى كىرىس شەكىللىك تېرىپ تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسى بىر تۈرلۈك ئىلغار تېرىقچىلىق تېخنىكىسى بولۇپ، ئەنئەنىۋى بۇغداي تېرىش تېخنىكىسىغا سېلىشتۇرغاندا يەرنى تېجەش، مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى، ئەمگەك كۈچىنى ئازاد قىلىش قاتارلىق ئارتۇقچىلىققا ئىگە.

**1. ئاساسلىق تېخنىكىلىق كۆرسەتكۈچى:** مەھسۇلات قۇرۇلمىسى: كۆزگى بۇغداينىڭ ئوتتۇرا، بالدۇر پىشار سورتىنى تاللاش، مودىكى ھوسۇل بېرىدىغان باشاق سانى 420 ـ 440 مىڭ تۇپ، بىر باشاقتىكى دان سانى 29 تال، مىڭ دان ئېغىرلىقى 46 ـ 48 گىرام، مودىكى ئاساسىي مايسا سانى 400 ـ 420 مىڭ تۇپ، قىشتىن بۇرۇنقى ئومۇمىي تۇپ سانى 700 ـ 800 مىڭ تۇپ بولۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 500 ـ 550 كىلوگىرام بولىدۇ.

**2. ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش:** بالدۇر پىشار، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، ئەلا سۈپەتلىك، كېسەل، ھاشاراتلارغا چىداملىق، كۆزلۈك، يېرىم كۆزلۈك، يېتىپ كېتىشكە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش، يەنى «شىنجاڭ كۆزگىسى 22 ـ نومۇر»، «خەندەن 5316 ـ نومۇر» قاتارلىق سورتلارنى تېرىش كېرەك.

**3. يەر تاللاش ۋە ئوغۇتلاش:** يەر تاللىغاندا تەكشى، تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تېرىلغۇ قەۋەت قۇرۇلمىسى ياخشى، تۇپراق كۈچى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى، تېرىلغۇ قەۋەتتىكى تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارى 12 كىلوگىرام، ئېرۈچان ئازوت 60 ـ 80 مىللىگىرام، ئۈنۈملۈك فوسفور 8 ـ 10 مىللىگىرام، تېز ئۈنۈملۈك كالىي 150 ـ 200 مىللىگىرامدىن يۇقىرى يەرلەرنى تاللاش لازىم. ئادەتتە ئۈنىۋېرسال ئوغۇت توپلاش تەدبىر-

لىرىنى قوللىنىپ، شاخ ـ شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، يېشىل ئوغۇت تېرىش بىلەن خىمىيەلىك ئوغۇت ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ئوغۇت كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**4. يەر رەتلەش، ئاساسىي ئوغۇت بېرىش:** بۇغداينى مۇۋاپىق ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىش، ئادەتتە ئۈدا ئۈچ يىلدىن يۇقىرى تېرىشقا بولمايدۇ. ئالدىنقى زىرائەت يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ۋاقتىدا يەرنى 23 ـ 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىپ، تۇپراقتىكى كېسەللىك، ھاشارات، ئوت ـ چۆپ مەنبەسىنى يوقىتىپ، توپىسى يۇمشاق بولۇش، نەملىكنى كۆتۈرۈش ۋە تىرنا ـ سۆرەم سېلىش مەشغۇلاتىنى ئارقىدىن قىلىپ، يەر رەتلىك، تەكشى، بوش، يۇمشاق، پاكىزە، نەملىكى مۇۋاپىق، تۈز بولۇش، ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش لازىم. كۈزگى بۇغداينى ئەلا سۇپەتلىك، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئادەتتە ھەر موغا 2.5 ـ 3 مىڭ كىلوگىرام ئەلا سۈپەتلىك، مەھەللىۋى ئوغۇت، ئورىيادىن 18 ـ 20 كىلوگىرام، ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) دىن 20 ـ 25 كىلوگىرام، كالىي كاربونات (磷酸钾) دىن ئۈچ كىلوگىرام ئوغۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، تەكشى چېچىپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك.

**5. ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش:** ئۇرۇقنى تاللاشقا دىققەت قىلىپ، ساپلىقى 99% دىن يۇقىرى، پاكىزلىقى 99% دىن يۇقىرى، بىخلىنىش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولۇش لازىم. بۇغداينىڭ ھال كېسىلى ۋە ئۇرۇق سېسىش قاتارلىق كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقنى 3 ـ 5 كۈن ئاپتاپقا سالغاندىن كېيىن، ھەر 100 كىلوگىرام ئۇرۇقنى 25% لىك باۋىستىن (多菌灵) ياكى 15% لىك تىرىئادىمىفون (粉锈宁) بىلەن دورىلاش، دورا مىقدارى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.2% ـ 0.3% ى بويىچە بولۇش كېرەك.

**6. مۇۋاپىق ۋاقتىدا تېرىش:** (1) تېرىش مەزگىلى: بۇغداينى مۇۋاپىق مەزگىلدە تېرىش قىشتىن بۇرۇنقى تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپ، بۇغداي مايسىلىرىنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ياخشى ئاساس

سالغىلى بولىدۇ. رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە پۈتۈنلەي تېرىپ تۈگىتىش لازىم؛ (2) سۇغىرىش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش ئۇسۇلى: يەر ئۈستىدىكى تۇرۇبىسى بىلەن تاسمىنى ياتقۇزۇش ۋاقتى: يەر ئۈستىدىكى تۇرۇبىسى بىلەن تاسمىنى ئەتىياز مەزگىلدە بۇغداي قايتا كۆكلەشتىن بۇرۇن ياتقۇزۇش كېرەك، بۇ مەزگىلدە ياتقۇزغاندا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپتىن پايدىلىق: بىرىنچى يەر ئۈستى تاسمىنىڭ بوران، ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى يەر ئۈستى تاسمىنىڭ توك سۈيىنىڭ تەسىرىدە توڭلاپ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى ئەمگەك كۈچى يېتىشمەسلىكنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ. يېتەرسىزلىكى: توك سۈيىنى باستۇرۇپ سۇغارغاچقا سۇ تېجەش ئۈنۈمى تۆۋەنرەك بولۇپ قالىدۇ؛ (3) تېرىش ئۇسۇلى ۋە تېرىش سۈپىتى: ھەر موغا ئۇرۇق تېرىش مىقدارى 30 كىلوگىرام، تېرىش جەريانى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر باسقۇچتا 15 كىلوگىرامدىن ئۇرۇق تېرىلىدۇ. بىرىنچى قېتىمغا تىك قۇر بويىچە، ئىككىنچى قېتىمدا توغرا قۇر بويىچە تېرىلىپ، ئۆزئارا كىرىس شەكلى بويىچە كېسىشىپ تۇرىدۇ. تېرىش سۈپىتىدە، قۇرلار تۈز، ئۇرۇق چۈشۈشى تەكشى بولۇش، تېرىش چوڭقۇرلۇقى بىردەك 4 ـ 5 سانتىمېتىر بولۇش لازىم.

**7. ئوغۇت، سۇنى باشقۇرۇش:** ① تېمىتىپ سۇغىرىش: بۇغداينى سۇغىرىش قېتىم سانى ئادەتتە 7 ـ 9 قېتىمغىچە بولىدۇ. دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلدە تېمىتىپ سۇغىرىش مىقدارى كۆپ، كېيىنكى مەزگىلدە تېمىتىپ سۇغىرىش مىقدارى ئاز بولىدۇ. ھەربىر ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە بىر قېتىمدىن سۇغىرىلىدۇ؛ (2) تېمىتىپ ئوغۇتلاش: بۇغداينىڭ ھەربىر ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە يەنى بوغۇم تارتىش مەزگىلى، پوقاق مەزگىلى، باشاق چىقىرىش مەزگىلى، چاڭلىنىش مەزگىلى، سۈتلىنىش مەزگىلى، دان تولۇش مەزگىلىدە تېمىتىپ ئوغۇتلىنىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئورىيادىن ھەر مو يەرگە بەش كىلو-

گىرام، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) دىن ھەر مو يەرگە بىر
كىلوگىرام بېرىش، ئىككىنچى قېتىملىق سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئورىيا-
دىن ھەر مو يەرگە سەككىز كىلوگىرام، كالىي دى ھىدرو فوسفاتتىن ھەر مو
يەرگە بىر كىلوگىرام بېرىش، ئۈچىنچى قېتىملىق سۇغىرىشقا بىرلەشتۈ-
رۈپ ئورىيادىن ھەر مو يەرگە سەككىز كىلوگىرام، كالىي دى ھىدرو فوس-
فاتتىن ھەر مو يەرگە بىر كىلوگىرام بېرىش، تۆتىنچى قېتىملىق سۇغى-
رىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئورىيادىن ھەر مو يەرگە سەككىز كىلوگىرام ھەر مو
يەرگە بىر كىلوگىرام بېرىش. بەشىنچى قېتىملىق سۇغىرىشقا بىرلەشتۈ-
رۈپ ئورىيادىن ھەر مو يەرگە بەش كىلوگىرام، كالىي دى ھىدرو فوسفات-
تىن ھەر مو يەرگە بىر كىلوگىرام بېرىش لازىم.

**8. بۇغداي ئېتىزىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش:** بۇغداي ئې-
تىزىدا چۈژگۈن، سىركەش، يۆگەي قاتارلىق ئوت - چۆپلەرنى يوقى-
تىشتا، بۇغداي قايتا كۆكلەپ ئۈچ يوپۇرماق بولغاندا ۋە ئوت - چۆپ-
لەر ئۆسۈپ تۆت يوپۇرماقلىق بولغاندا، بۇغداي ئېتىزىدا 13% لىك
خىدونال (二甲四氯) دورىسىدىن ھەر مو يەر ئۈچۈن 300 گىرامنى
30 - 45 كىلوگىرام سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ ياكى 36% لىك بىنتىڭ دو-
رىسىدىن بەش گىرامنى 30 - 45 كىلوگىرام سۇدا سۇيۇلدۇرۇپ چې-
چىپ ئوت - چۆپ يوقىتىش كېرەك.

**9. مەھسۇلاتنى ۋاقتىدا يىغىش:** بۇغداي مومىلىشىش مەزگىلىنىڭ
ئوتتۇرا، ئاخىرىدا غول، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ، دانىدا سۈتلۈك ماد-
دىسى بولمايدۇ، داننى تىرناقدىسا يېرىلسا ئورۇشنى باشلاش، دېنى ئاسان
تۆكۈلۈپ كېتىدىغان سورتلارنى مۇۋاپىق بالدۇر يىغىش لازىم. ماشىنىغا
يىغدىغان بۇغداينى مومىلىشىش مەزگىلىدىن كېيىن دېنى قاتقاندا يى-
غىش لازىم.

**10. دىققەت:** مەھسۇلاتنى يىغىشتىن بۇرۇن تېمىتىش تۇرۇبى-
سى ۋە تېمىتىش تاسمىسىنى يىغىۋېلىپ، ئاندىن مەھسۇلاتنى
يىغىش لازىم. (05)

# كۆزگى بۇغداي تېرىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

گۈلباھار ئابلىز
(يەكەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844700)

1. سورت تاللىغاندا ئۆز جايىنىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان، مەھسۇلاتى مۇقىم، يۇقىرى، ناقۇلاي شارائىتلارغا چىدامىلىق كۆزگى بۇغداي سورتلىرىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۇرۇقنىڭ ساپلىق دەرىجىسى 99% دىن يۇقىرى، بىخلىنىش نىسبىتى 85% تىن تۆۋەن بولۇش لازىم.

2. تېرىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرنى 1500 ـ 2000 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 50 كىلوگىرام ئۆسۈملۈك كۆلى، 35 ـ 50 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىشكە قولايلىق يەرلەرنى تاللاپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ، 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش كېرەك.

4. ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) نى ئۇرۇق ئوغۇتى قىلىپ بېرىشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

5. ئادەتتە كېچىككەندىمۇ 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە ھەر مو يەرگە 18 ـ 21 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى بىردەك 5 ـ 7 سانتىمېتىر قىلىش كېرەك. ئەگەر تېرىش كېچىكىپ قالسا تۇپراق نەملىكى مۇۋاپىق بولسا، مۇۋاپىق تېيىز تېرىسا، مايسا ئادەتتىكىدىنمۇ بالدۇر ھەم تېز ئۈنۈپ چىقىدۇ.

6. كۆزگى بۇغداي تېرىغاندىن تارتىپ قىشتىن ئۆتكۈچە بولغان ئۆسۈش ۋاقتى 45 ـ 50 كۈنگە يېتىش لازىم. بولمىسا كۆزگى بۇغداي سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. شۇڭا تېرىش پەيتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

7. قۇرلاپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تېرىش سۈپىتىگە ۋە ھەر مودىكى ئاساسىي مايسا سانىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (03)

# كۆزگى بۇغداي تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق خىزمەتلىرى

ئايشەم ياسىن
(بۇگۇر ناھىيە قارىباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

**1. ئاساسىي ئوغۇت يېتەرلىك بولۇش:** يەر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 2 ـ 3 مىڭ كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 20 ـ 30 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى مەھەللىۋى ئوغۇت تۇپراقنى يۇمشىتىپ، تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. ئەتىيازدا سۇ كەمچىل رايونلاردا مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش ئارقىلىق، كۆزگى بۇغداي مايسىسىنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر مەھەللىۋى ئوغۇت يېتەرلىك بولمىسا، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قانچە كۆپ ئىشلەتسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ.

**2. يەر تەييارلاش:** يەر تەييارلاشتا چوقۇم «رەتلىك، تەكشى، بوش، يۇمشاق، پاكىز، نەم» بولۇش ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش كېرەك. ئالدىنقى زىرائەتنى بۇغداي تېرىلغان يەرلەرگە قارىتا، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك. ئالدىنقى زىرائىتى قوناق ياكى باشقا زىرائەت بولغا يەرلەرنى ئوسا قىلىپ، يەر تاۋلاشقاندا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش ۋە چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ سۆرەم سېلىش كېرەك. دەرەخ تۈۋى ياكى بۇلۇڭ ـ پۇشقاق يەرلەرنى ئادەم كۈچى ئارقىلىق چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تەكشى تۈزلەش كېرەك.

**3. تېرىش مەزگىلى:** ئۆز جايىنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا ئاساسەن تېرىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق بېكىتسە بولىدۇ. تەۋەيىمىزدە كۈزگى بۇغداي تېرىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە بولىدۇ. ئەگەر بەك بالدۇر تېرىلسا، ئوزۇقلۇق ئىسراپ بولۇپ، مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئەگەر بەك كېيىن تېرىلسا، بۇغداي مايسىنىڭ تۈپلىنىشى ۋە قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشى تەسىرگە ئۇچراپ، مەھسۇلاتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق پەيتتە تېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**4. تېرىلىدىغان سورت:** ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىد-

## پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن مۈچىنىڭ كۆيدۈرگە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئارزۇگۈل يۇسۇپ     باھارگۈل پەتتار
(تۇرپان شەھىرى يار يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838000)

مۈچىنىڭ كۆيدۈرگە كېسىلى ئادەتتە پارنىكتا دائىم كۆرۈلىدىغان كې-سەللىك بولۇپ، ئاپتاپ چېقىۋېتىش بىلەن ئارىلاش پەيدا بولىدۇ. بۇ كې-سەللىك پەيدا بولغاندا مۈچ مەھسۇلاتىنى 15% ـ 20% كېمەيتىۋېتىدۇ، ھەتتا ئېغىر بولغاندا مايسا ئۆلۈش، مېۋە سېسىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىشى 30% ـ 40% گە يېتىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك كۆپىنچە مۈچ مېۋىسىدە ۋە يو-پۇرماقتا، بولۇپمۇ پىشقان مۈچ ۋە قېرى يوپۇرماقلاردا ئاسان پەيدا بولىدۇ، پىشىش ئالدىدا تۇرغان مېۋىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ. يەنى دەسلەپتە ساغۇچ قوڭۇر رەڭلىك يۇمىلاق ۋە ئۇزۇنچاق يۇمىلاق شەك-لىدىكى كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولىدۇ ھەمدە نەملىكنىڭ يۇقىرىلىشى-شىغا ئەگىشىپ كېسەللىك دېغى ئەتراپىدا سۇلۇق ھالقا شەكىللىنىدۇ، غول ۋە مېۋە ساپىقى زەخىملەنگەندە قوڭۇر رەڭلىك رەتسىز ئولتۇرۇشقان كې-سەللىك دېغى شەكىللىنىپ، سىرتقى يۈزى ئاسان يېرىلىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش سەۋەبى:** بۇ خىل كېسەللىكنى بىر خىل زەمبۇرۇغ پەيدا قىلىدۇ، كېسەللىك مىكروبى ئادەتتە كېسەللەنگەن تۇپ قالدۇقلى-دىغان سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم. رايونىمىزدا مەھسۇلاتى يۇقىرى بول-غان سورتلاردىن «شىنجاڭ كۆزگىسى ـ 22» ، «شىنجاڭ كۆزگىسى ـ 24» قاتارلىقلار كۆپرەك تېرىلىدۇ.

**5. تېرىش مىقدارى:** ھەر مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 ـ 25 كىلوگىرام ئۇرۇق سېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

**6. تېرىش سۈپىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ:** كۆزگى بۇغداينى چوقۇم سىيالكا بىلەن تېرىش، تېرىش چوڭقۇرلۇقى بەش سانتىمېتىر بولۇش كې-رەك. دەرەخ تۈۋى ۋە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا ئادەم كۆچى ئارقىلىق ئۇرۇق سېلىش، ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن دەرھال تەكشۈرۈپ، مايسا يوق يەرلەرگە دەرھال ئۇرۇق سېلىپ، تولۇق مايسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. (02)

رىدا، تۇپراقتا قىشتىن ئۆتىدۇ. تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق نەملىك 87% ـ 95% بولغان شارائىتتا پارنىكتا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يوشۇرۇن يېتىلىش مەزگىلى ئۈچ كۈن بولىدۇ. نەملىك تۆۋەن بولسا يوشۇرۇن يېتىلىش مەزگىلى ئۇزۇن بولىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك كېسەللىك مىكروبىنىڭ تېز پەيدا بولۇپ يامرىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئادەتتە پارنىكتا ئۇدا ۋە بەك زىچ تېرىلغان، ئاساسىي ئوغۇت كەمچىل بولغان، ئازوتلۇق ئوغۇت بەك كۆپ بېرىلگەن، كۆپ سۇغىرىلغان، تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك يۇقىرى بولغان شارائىتتا كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرى:** (1) سورت تاللىغاندا كېسەللىك مەنبەسى بولمىغان، كېسەللىك، ھاشاراتكە چىداملىقى كۈچلۈك سورتلارنى تېرىش، پارنىك ئىچىنىڭ تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەش ھەمدە كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولغان جايلاردا قوغۇن، قاپاق ۋە پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر بىلەن 2 ـ 3 يىل ئالماشتۇرۇپ تېرىش لازىم؛ (2) پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق زىچلىقتا ئۆستۈرۈش، چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتكە چىداملىقىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ (3) ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن دېزىنفېكسىيە قىلىشتا، ئۇرۇقنى 55℃ لۇق سۇغا 10 مىنۇت ياكى 50℃ لۇق سۇغا 30 مىنۇت چىلاپ ئېلىپ پاكىزە چايقاش ۋە مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىدا بىخلاندۇرۇپ تېرىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا سۈزۈك سۇغا 6 ـ 12 سائەت چىلاپ، ئاندىن 1% لىك مىس سۇلفات (硫酸铜) ئېرىتمىسىگە بەش مىنۇت چىلاپ ياكى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە چىلاپ ئېلىپ ئاندىن مۇۋاپىق مىقداردىكى ئوت ـ چۆپ كۈلىگە ئارىلاشتۇرۇپ دەرھال تېرىسىمۇ بولىدۇ؛ (4) دورا چېچىش: بۇنىڭدا كېسەللىك پەيدا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە 70% لىك تىئوفانات مېتىل (甲基硫菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 50% لىك بېنومىل (苯菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 2000 ـ 2500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 75% لىك داكونىل (百菌清) نىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 72% لىك پۇلىكې (普力克) نىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى قاتارلىقلاردىن بىرنى تاللاپ، 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش لازىم. (03)

# پارنىكتا يېتىشتۈرۈلىدىغان كۆكتات مايسىسى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تۇپىسى ياساش ئۇسۇلى

رىزۋانگۈل ياقۇپ
(لوپنۇر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841500)

جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاساسەن شىمالىي شىنجاڭدىن ئاساسىي تۇپراق يۆتكەپ كېلىپ مايسا يېتىشتۈرىدۇ. ياكى مايسىنى بىۋاسىتە سېتىۋالىدۇ، بۇنىڭدا تەننەرخى مەلۇم مىقداردا يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر دېھقانلار ئاز كۆلەمدىكى پارنىكلارغا ئۆزلىرى تۇپا تەييارلىسا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماستىن، مايسىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئوزۇقلۇق تۇپىسى ـ ئۆسۈملۈك مايسا مەزگىلىدە كېرەكلىك بولغان ماكرو، مىكرو ئېلېمېنتلار، ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدىغان تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ. ئوزۇقلۇق تۇپىسىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئوبيېكتقا ئاساسەن تەييارلاش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كۆكتات مايسىلىرى ئۈچۈن ئوزۇقلۇق تۇپىسى ياساشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

**1. ماتېرىياللار:** ئەت تۇپراق، قۇم، قىغ، چاكاندا، ئورىيا، ئۆسۈملۈك كۈلى، باۋىستىن (多菌灵)، سۇ، يالتىراق قاتارلىقلار.

**2. ياساش ئۇسۇلى:** بىرىنچى خىل تۇپراق تەييارلاش رېتسېپى: ئەت تۇپراق، قىغ، قۇم 1:2:3 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى خىل تۇپراق تەييارلاش رېتسېپى: ئەت تۇپراق، چاكاندا، قۇم، ئۆسۈملۈك كۈلى 1:1:2:4 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ؛ ئۈچىنچى خىل تۇپراق تەييارلاش رېتسېپى: ئەت تۇپراق، قىغ، قۇم، ئۆسۈملۈك كۈلى قاتارلىقلار 1:2:3:5 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**3. مەشغۇلات ئۇسۇلى:** ئۆزىمىزدە بار بولغان ماتېرىياللارنى نىسبەت

بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ھەر تونىنا تۇپراققا 1.5 كىلوگىرام كاربىندازىم تالقىنىنى 500 كىلوگىرام سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ تۇپراقنى سۇ-غىرىمىز، ئورىيانى ھەر مىڭ توپىغا 15 كىلوگىرام ئارىلاشتۇرسا بولىدۇ، ئوغۇت، دورا تەكشى چېچىلىشى كېرەك، تۇپراق ئاساسەن نەمدىلىپ، يې-پىشقاق ھالەتكە كەلگەندە يالتىراق بىلەن تولۇق ئوراپ ئاپتاپقا قاقلىنىدۇ. ئادەتتە 10 ـ 15 كۈن ئەتراپىدا، دۇملەنسە بولىدۇ. ھەر 3 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم سۈزۈك سۇ پۈركۈپ تۇپراقنىڭ مەملىكى ساقلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تۇپراقنى مىكروبسىزلاندۇرغىلى، قىغنى تولۇق چىرىتكىلى بولىدۇ. ئۇرۇق سېلىشتىن بىر ئاي بۇرۇن تەييارلىق قىلىنسا بولىدۇ، پارنىك توپىسى تەييارلايدىغان ئورۇن كۈن نۇرى چۈشىدىغان بولۇشى كېرەك، قىش ۋاقىتلىرى پارنىكنىڭ بوش جايلىرىغا تەييارلانسىمۇ بولىدۇ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى ئومۇمەن ئاپتاپ بەك تېگىدىغان، ئورەك جايلارغا تەي-يارلانسا ياخشى بولىدۇ.

**4. دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار:** (1) چاكاندا ئۇچۇن كېۋەز غولىنىڭ ئۇششاقلانغان پارچىسى، تولۇق يۇمشىتىلغان سامان، يۇلغۇن يوپۇرماق تال-قىنى، ياغاچ كېپىكى قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرى بولسىلا بولىدۇ؛ (2) قىغ تولۇق ئېچىتىلغان بولۇشى كېرەك. ناۋادا تولۇق ئېچىتىلمىغان بولسا دۇملەش ۋاقتى مۇۋاپىق ئۇزارتسا بولىدۇ؛ (3) دۇملەش ۋاقتىدا تۇپراقنىڭ نەملىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك، مۇۋاپىق نەملىككە ئىگە بولمىسا ئا-رىلاشتۇرغان دورا، ئوغۇتلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ؛ (4) تۇپراق قولدا سىقىملاپ يەرگە تاشلىغاندا چېچىلىپ چۈشكۈدەك بولغاندا ئىشلى-تىلسە بولىدۇ. (02)

## پارنىك كۆكتاتلىرىنىڭ ئۆششۈك زىيىنىغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى

مەلىكە

(قۇتۇپى ناھىيە دافاڭ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 831205)

پەرۋىش ياخشى بولمىسا پارنىك كۆكتاتلىرى ئاسانلا ئۆششۈپ قالىدۇ. ئۆششۈك زىيىنى بەك ئېغىر بولمىغان كۆكتاتلارنى تۆۋەندىكى تەدبىرلەر ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ.

**1. شامالدىتىش، تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىش:** كۆكتات ئۆششۈپ قالسا پارنىكنى دەرھال ئېتىپ تېمپېراتۇرىنى ئۆرلەتمەستىن، بەلكى مۇۋاپىق شامالدىتىپ، تېمپېراتۇرىنى تەدرىجىي ئۆرلىتىپ، ئۆششۈگەن توقۇلمىلارنىڭ سۇ تەركىبىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**2. سايە چۈشۈرۈپ، بىۋاسىتە ئاپتاپ چۈشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش:** ئۆششۈگەن كۆكتاتلارغا كۈن نۇرى بىۋاسىتە چۈشسە توقۇلمىلار ئاسانلا سۇ ـ سىزلىنىدۇ ۋە سولىشىدۇ. شۇڭا سايىۋەن ئورنىتىپ كۆكتاتقا بىۋاسىتە ئاپتاپ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. پارنىك ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەم ـ لىكىنى مۇۋاپىق ساقلاش، ئۆششۈگەن يوپۇرماقلار ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن سايىۋەننى تەدرىجىي ئېلىۋېتىش كېرەك.

**3. سۇ پۈركۈش:** تۇمانلىتىپ پۈركۈش ماشىنىسىدا سۇ پۈركۈش ئارقىلىق پارنىك نەملىكىنى ئاشۇرسا، ئۆششۈگەن توقۇلمىلارنىڭ سۇ سۈمۈرۈپ ئەس ـ لىگە كېلىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**4. قۇرۇغان شاخلارنى پۇتاش:** ئۆششۈك زىيىنى ئېغىر بولغان شاخ، يو ـ پۇرماقلارنى ۋاقتىدا پۇتاپ، پارنىك سىرتىغا ئەپچىقىۋېتىش ئارقىلىق كېسەل ـ لىك پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىـ ـ تىش:** ئۆششۈك تەگكەن كۆكتاتلار ئاسانلا كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بەزى قوغداش رولىغا ئىگە دورا ۋە ھاشارات، باكتېرىيە يوقىـ ـ تىش دورىلىرىنى ۋاقتىدا پۈركۈش لازىم. يەنە قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا بىرلەش ـ تۈرۈپ، پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. (02)

# تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

ئەمرۇللا سەيدۇللا    ئامىنىگۈل ئۆمەر
(خوتەن شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 84800)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەر مەيدانى مەملىكىتىمىزنىڭ 1/6 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. بىراق كۆپ قىسمى تاغلىق، قۇملۇق، شورلۇق بولغانلىقتىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا يەرلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولمايۋاتىدۇ. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە كىسلاتالىق، شورلۇق، سېغىز، قۇملۇق، قاقاسلىق، يېڭى ئاچقان بىنام يەرلەرنىڭ ھوسۇلى تۆۋەن بولىدۇ ياكى مەھسۇلات سۈپىتى ناچار بولىدۇ، تۆۋەندە بۇنداق يەرلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ بىرقانچە خىل ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرىمىز.

**1. كىسلاتالىق تۇپراق:** (1) يەرنى ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر موغا 40 ـ 50 كىلوگىرام ئۆچۈرۈلمىگەن ھاك (生石灰) چېچىپ نېيتراللاشتۇرۇش، كېيىنكى يىلىدىن باشلاپ چاچىدىغان ھاك مىقدارىنى 50% كېمەيتىپ تاكى نېيتراللاشقىچە ياكى ئاجىز كىسلاتالىق تۇپراققا ئۆزگەرگىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك؛ (2) يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىپ، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا تەركىبىنى كۆپەيتىش كېرەك؛ (3) سۇ ئېقىتىپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ كىسلاتالىق ماددىلارنى ئېقىتىۋېتىش كېرەك؛ (4) كىسلاتاغا چىداملىق زىرائەتلەر، مەسىلەن: شال، قىچا، ئۈجمە، تاتلىق بەرەڭگە قاتارلىقلارنى تېرىش لازىم؛ (5) ئىشقارلىق ئوغۇتلارنى كۆپرەك ئىشلىتىش، مەسىلەن: كالتسىي، ماگنىي، فوسفور ئوغۇتى، ئوت ـ چۆپ كۈلى، ئاممونىي ھىدرو كاربونات (碳酸氢铵)، ئاممىياك سۈيى (氨水) قاتارلىق ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق تۇپراقنى نېيتراللاشتۇرۇش كېرەك.

**2. شورلۇق يەرلەر:** (1) شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلايدىغان كىسلاتالىق ئوغۇتلاردىن ئاممونىي سولفات (硫酸铵)، ناترىي نىترات (硝酸钠)، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش لازىم؛ (2) شورغا چىداملىق زىرائەتلەرنى، مەسىلەن: كېۋەز، پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەت، كەندىر تۈرىدىكى زىرائەت، تۈگۈنەك يىلتىزلىق زىرائەت قاتارلىقلارنى تېرىش كېرەك؛ (3) تېرىش قەۋىتىنى چوڭقۇرلىتىش، زەيكەش چېپىپ سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش، شور ئېقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، مەھەللىۋى ئوغۇتنى كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك.

**3. سېغىز تۇپراق:** (1) قۇم تۆكۈپ توپا بىلەن قۇم نىسبىتىنى تەڭشەش؛ (2) يەرلەرنى يازدا ئاپتاپقا سېلىش، قىشتا توڭ ياتقۇزۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۇپراقنىڭ ئوغۇت ساقلاش، ئوزۇقلۇق تۇپلاش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ يەرلەرنى پىشۇرۇش كېرەك؛ (3) زەيكەش چېپىپ، سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، تۇپراقنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ (4) ئورگانىك ئوغۇتنى (مەھەللىۋى ئوغۇت) كۆپرەك بېرىپ، تۇپراقنىڭ دانىچىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سۇ، ئوغۇت، ھاۋا، ئىسسىقلىق نىسبىتىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك.

**4. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن يەرلەر:** (1) مەھەللىۋى ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش كېرەك؛ (2) زەيكەشلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، سۇ ئورنىنى تۆۋەنلەتىش، دائىم ئوتتۇرىنى چاناپ يۇمشىتىش كېرەك؛ (3) فوسفور، كالىي ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىپ يىلتىز، غولنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ (4) مەركەزلىك پەرۋىش قىلىپ، يوپۇق يېپىپ تېرىقچىلىق قىلىش، يوپۇرماقتىن ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش كېرەك.

**5. قاقاس ۋە قۇملۇق يەرلەر:** (1) قاقاسلىشىپ، قۇملىشىپ كېتىش سەۋەبىگە ئاساسەن، ئۈنۈملۈك ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك؛ (2) ئىلمىي پىلانلاپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق تېرىقچىلىق قىلىپ، ئورمان بىنا قىلىش كېرەك؛ (3) مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش كېرەك؛ (4) ئىلمىي سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، مەسىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش، پۈركۈپ سۇغىرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. (05)

# تۇپراق قېتىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

روشەنگۈل
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 834100)

تۇپراقنىڭ قېتىشىۋېلىشىنى ھەل قىلىپ يەرنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش، بولۇپمۇ تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ۋە شاخ - شۇمبىلارنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇپراقنىڭ قېتىشىۋېلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك.

يەردىن ئۇزۇن يىل ئېچىپ پايدىلىنىش، بولۇپمۇ مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بەرگەندىن كېيىن، خىمىيەلىك ئوغۇتنى ئىشلىتىش مىقدارىنى يىلمۇيىل ئاشۇرۇپ يەككە مەھسۇلاتنى كۆپەيتىش ئۇسۇلى، تۇپراقنى يىلسېرى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئورگانىك ماددىلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ تۇپراقنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىپ، تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىڭ قىيىن بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تۇپراقنىڭ قېتىشىۋېلىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىپ، تېرىقچىلىق چىقىمىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلاتنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە، ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش مىقدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ كېتىشى شاخ- شۇمبىلار بىلەن ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش تۇپراقنىڭ قېتىشىۋېلىشىنى ھەل قىلىش ۋە ئورگانىك ماددا مىقدارىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى ئورگانىك ئوغۇتنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ، شاخ - شۇمبىلارنى ئېتىزدا قالدۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددىنىڭ مىقدارى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت، ھاۋا ۋە ئىسسىقلىق ئەھۋالىنى تەڭشەپ، قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىككە چىداملىقىنى ئاشۇرۇپ، تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياخشى مۇھىت ھازىرلايدۇ. شاخ - شۇمبىلارنىڭ يىلتىزى ۋە غولىنى ئېتىزدا قالدۇرۇش تېخنىكىسى بىلەن خىمىيەلىك ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى تۇپراقنىڭ قېتىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ يىلتىزى ۋە غولىنى ئېتىزدا قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرگە ئەتراپلىق ئىشلەش كېرەك. چوڭ تىپتىكى ماشىنىلارنى ئىشلىتىپ تېرىلغۇ يەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلەش، يەنى تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تېرىقچىلىق قەۋىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىغىلى، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ، ئوغۇت، ھاۋا ۋە ئىسسىقلىقتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئامىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ، مىكرو ئورگانىزملارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۇرۇپ سۇ ۋە تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، سۇنى ساقلاپ، تېمپېراتۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق زىرائەتلەر يىلتىز سىستېمىسىنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، يىلتىزنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، ئوزۇقلۇق تولۇق سۈمۈرۈلىدۇ، بۇ، زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

يەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزەشتە تۈرلۈك مەشغۇلاتلارنى بىر قېتىمدىلا تاماملاپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىزغا كىرىش ـ چىقىش قېتىم سانىنى ئازايتىپ، يەرگە تەكرار تولۇق سېلىشتىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە، تۇپراقنىڭ سۇ ۋە نەملىك ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ۋە ھۆلچىلىككە تاقابىل تۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، سۇ ۋە تۇپنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇپراقنىڭ قېتىۋېلىش ھادىسىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، شاخ ـ شۇمبىلارنىڭ يىلتىزى ۋە غولىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش ئارقىلىق تۇپراقنى ئۈنۈملۈك قوغدىغىلى، شامالنىڭ يالىشى ۋە سۇ، تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ئازايتقىلى ھەم سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى توسۇپ، تەبىئىي يامغۇر سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددا مىقدارىنى ئاشۇرغىلى، تۇپراقنىڭ قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، تۇپراقنىڭ قېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (05)

# كۆكتات يېرىنىڭ شورىنى قايتۇرۇشتىكى ئېچىل چارىلەر

سايىمگۈل ئۇيۇپ
(ئارا تۈرك ناھىيە توخۇلۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839300)

نۆۋەتتە ناھىيەمىز ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلغان «ھەربىر دېھقان-نىڭ ئۆيىدە چارۋىسى، تېرىيدىغان كۆكتاتلىقى بولۇش، دېھقانلار تۇرمۇشتا گۆش، كۆكتاتلار بىلەن ئۆزى ئۆزىنى تەمىنلەش» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىق-تىسادىنى تېجەش ئارقىلىق تۇرمۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش چاقىرى-قىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، كۆپ ساندىكى دېھقانلار قورۇنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرلەرنى كۆكتاتلىققا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، تۇپراقنىڭ شورلۇق دە-رىجىسى ئېغىر بولۇش، سۇغىرىشتا قىينىلىش، شورنى قايتۇرۇشتا تېخ-نىكا بولماسلىق سەۋەبلىك ھوسۇل ئالالماي، بىكار ئاۋارە بولماقتا. كۆپ يىللىق تەجرىبەمگە ئاساسلىنىپ تۆۋەندە شورنى قايتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى تونۇشتۇرماقچىمەن:

**1. گۈڭگۈرت كۇكۇنى (硫磺粉) چېچىش:** باش ئەتىيازدا ئاغدۇرۇش-تىن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە 7 ـ 10 كىلوگىرام گۈڭگۈرت كۇكۇنى تەكشى چېچىلىپ ئاغدۇرۇلىدۇ، يەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا يىغىلغان شور قات-لىمى قېلىن ھەم قارا رەڭدە بولسا 10 ـ 15 كىلوگىرام چېچىلسا بو-لىدۇ، يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىككى يىل ئەتراپىدا داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ.

**2. تۆمۈرلۈك سولفات (硫酸亚铁) كۇكۇنى چېچىش:** ھەر مو يەرگە 8 ـ 10 كىلوگىرام تەكشى چاچقاندا ئۈنۈملۈك سولفات يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇپ، تۇپراقنىڭ pH قىممىتىنى 0.5 ـ 1.0 گىچە چۈشۈرەلەيدۇ، ئېغىر شورلۇق ئېتىزلارغا مىقدارىنى ئەسلىدىكىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك ئاشۇ-رۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**3. ئىچىملىك سىركىسى (ئاچچىقسۇ) چېچىش:** ھەر قېتىم سۇغار-غاندا ھەر مو يەرگە شورلۇق دەرىجىسىگە قاراپ 3 ـ 5 كىلوگىرامغىچە سىركە چاچسا بولىدۇ، سىركە قويۇق بولسا مىقدارىنى كېمەيتىش، سۇيۇق بولسا مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

**4. كالىي دى ھىدرو فوسفاتلىق (磷酸二氢钾) ئوغۇت بېرىش:**

# چىلان دەرىخىنى پەرۋىش قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

پەزىلەگۈل تۇردى
(توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)

چىلان دەرىخىنىڭ ئۆسۈش پەسلىدىكى پەرۋىش قىلىش بولسا قىش پەسلىدىكى پەرۋىش قىلىشنىڭ داۋامىدۇر، چىلان دەرىخىنىڭ بىخلىنىش، يوپۇرماق چىقىرىش، شاخلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، چېچەكلەپ مېۋە بېرىشى، مېۋىسىنىڭ يېتىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ باسقۇچتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ باسقۇچتا ھەربىر مەزگىلدىكى پەرۋىش قىلىش تەدبىرى چىلان دەرىخىنىڭ شۇ يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى مەھسۇلاتى بىلەن مۇناسىۋەتتى ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىلان دەرىخىنىڭ ئۆسۈش پەسلىدىكى پەرۋىش قىلىش چىلان دەرىخىنى پۈتۈن يىللىق پەرۋىش قىلىش ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزگىلدە چىلان دەرىخىنى ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، بىخ سىرىش، ئۆچىنى ئۈزۈش، شاخ تارتىش، شاخ شالاڭلىتىش، ھالقىسىمان سويۇش، چې-

---

شورلۇق تۇپراقتا تۆمۈر ئاسان تۇراقلىشىدىغان بولۇپ، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئۆلۈك توپىغا ئايلىنىش ئېھتىماللىقى چوڭ بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن 0.2% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفاتلىق ياكى ئاجىز كىسلاتالىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا، تۇپراقنى كىسلاتالىققا مايىللاشتۇرۇپ، تۆمۈرنىڭ ئۆسۈملۈك تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشىنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

**5. قوناق تۇرىدىكى تۆت كاربونلۇق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش:** دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كۆكتات تېرىشتىن بۇرۇن باش قوناق، كەنجى قوناق تېرىش، سۇغىرىش قولايلىق جايلاردا كۆپ سۇغىرىش ئارقىلىقمۇ شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دورا، ماتېرىياللار ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيا دۇكانلىرىدا بار بولۇپ، ئاسان تاپقىلى بولىدۇ، ئىشلەتكەندە مىقدارىغا دىققەت قىلىش، بەك كۆپ ئىشلىتىۋېتىپ تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. (05)

چەك مېۋىنى ساقلاش، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش قاتارلىقلارنى قوللانسا بولىدۇ.

1. شەكىلگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە تۇرغان چىلان دەرىخى مەسىلەن، بۇ يىل غولى مۇقىملاشتۇرۇلغان چىلان دەرىخى بولسا، ئاساسىي غولنى تەربىيەلەش ئاساس قىلىنىپ، شاخ كېرىشىنى ئاساس قىلغان پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. يېڭى ئۆسۈپ چىققان شاخ 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولغاندا كىچىك بامبۇك تاياقچە ياكى ياغاچ تاياقچە بىلەن ئارغامچا ئارقىلىق، مۇۋاپىق ئورۇن ۋە مۇۋاپىق ئۆسۈش گىرادۇسىغا تەڭشەپ، بىرگە ئۆسكەن ياكى ئارتۇق يېڭى شاخلارنىڭ ئۇچىنى تۈۋىدىن پۇتۇنلەي ئېلىپ تاشلاپ، ئۆسۈش بوشلۇقى بولمىغان بىخلارنى سىرىتۋېتىش، ئاساسىي شاختىن 6 - 8 غىچە ئىككىلەمچى شاخ ئۆسۈپ چىققاندا يانغا قاراپ ئۆسكەن ئىككىلەمچى شاخنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش، مەركىزىي غولدىكى يېتەكچى شاخنى 8 - 10 تال ئىككىلەمچى شاخ قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك.

2. ئالدىنقى يىلى ئاساسىي شاخ قېلىپ مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئەمما ئاساسىي شاخلىرى پۇتۇنلەي تەربىيەلەنمىگەن ياش دەرەخلەرگە قارىتا مۇۋاپىق بولغان ئىككىلەمچى شاخنى تاللاپ قىسقارتىپ كېسىپ، ئىككىلەمچى شاخنىڭ تېزلىكتە بىخ چىقىرىپ، شاخلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەمدە ئالدىنقى يىلدىكى ئاساسىي شاخقا قارىتا شاخنى تارتىپ باغلاپ، ئۆسۈش بۇلۇڭىنى ئۆزگەرتىپ ئۆسۈش ھالىتىنى تەڭشەش كېرەك. ئاساسىي شاخ قىلىپ تەربىيەلىنىدىغان يېڭىدىن چىققان شاخلار 6 - 8 گىچە ئىككىلەمچى شاخ چىقارغان ۋاقىتتا، شاخنىڭ سىرتقا قاراپ ئۆسكەن ئىككىلەمچى شېخىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈش بوشلۇقى بولمىغان بىخلارنى سىرىتۋېتىش كېرەك.

3. ئالدىنقى يىلى غولى مۇقىملاشتۇرۇلغان شاخلىرى بىرقەدەر تولۇق تەرەققىي قىلغان ياش چىلان دەرەخلىرىگە قارىتا شاخ تارتىشنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق، ئۆسۈش بۇلۇڭى ۋە شاخ ئورنى تەڭشىلىدۇ. ئارغامچە ۋە تاياقچە بىلەن ئاساسىي شاخ مۇۋاپىق ئورۇنغا تارتىلىدۇ. ئاساسىي شاختا ئۇزىراپ ئۆسكەن يېڭى يېتەكچى شاخ 2 - 4 گىچە ئىككىلەمچى شاخ چىقارغان ۋاقىتتا، سىرتقا قارىتا ئۆسكەن ئىككىلەمچى شاخنىڭ ئۇچىنى ئۇ-

زۈش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغان بىخلارنى سىيرىۋېتىش كېرەك.

4. مېۋىلەش باسقۇچىدىكى چىلان دەرىخىگە نىسبەتەن ئاساسىي شاخ، يان شاخ ۋە مېۋە شاخ گۇرۇپپىسىنى تەربىيەلەش لازىم. ئاساسىي شاخنى تەربىيەلەش ئۇچۇن، ئادەتتە ئىلگىرى قالدۇرۇپ قويغان 6 ـ 8 تال ئىككىلەمچى شاخنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئۆسۈش بوشلۇقى بار، ئەمما ئاساسىي شاخ ۋە يان شاخ قىلىپ تەربىيەلەشكە بولمايدىغان يېڭى ئۆسكەن شاخلارنى ئۆسۈش بوشلۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسەن 1 ـ 4 تال ئىككىلەمچى شاخ قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش، ئۆسۈش بوشلۇقى بولمىغان يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان يېتەكچى شاخنى تۈۋى قىسمىدىن شاللىۋېتىش، كەسكەن ۋاقىتتا ئەھۋالغا ئاساسەن ئۈچ تال بوغۇم شاخ قالدۇرۇپ مېۋە تۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

5. مېۋىلەش مەزگىلىدىكى چىلان دەرىخىگە نىسبەتەن مېۋە شاخلىرىنى تەربىيەلەش ۋە مېۋىگە ئولتۇرغۇزۇش ئاساسىي ۋەزىپە قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان يېتەكچى شاخ ئۆسۈش ئورنى ۋە ئۆسۈش بوشلۇقىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئۆسۈش بوشلۇقى ياكى ئورنى مۇۋاپىق بولمىغانلىرىنى تۈۋى قىسمىدىن شاللىۋېتىش كېرەك؛ ئورنى مۇۋاپىق، ئۆسۈش بوشلۇقى بار شاخلارغا قارىتا ئەھۋالغا قاراپ 1 ـ 4 گىچە ئىككىلەمچى شاخ قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش، پايدىلىنىش قىممىتى بولمىغان بىخلارنى سىيرىۋېتىش، بىخ سىيرىش ۋە ئۇچىنى ئۈزۈش تەدبىرى بولسا ئۈزۈن مۇددەت داۋاملىشىدىغان خىزمەت، چوقۇم پەيت ۋە ئۆلچەمنى توغرا ئىگىلەش كېرەك.

6. ئوغۇتلاشتا ئاساسەن بىرىكمە ئوغۇت ئاساس قىلىنىدۇ، ئادەتتە ھەر مو يەرگە 40 كىلوگىرام ئەتراپىدا بىرىكمە ئوغۇت بېرىلىدۇ؛ قىشتا ئورگانىك ئوغۇت بېرىلمىگەن چىلانلىق باغلارغا قارىتا ھەر موسىغا 30 كىلوگىرام بىرىكمە ئوغۇتقا 20 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى قوشۇپ ئوغۇتلاش ياكى ئېرىق ئېچىپ ئوغۇتلاش، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ئاندىن سۇغىرىش كېرەك، ئوغۇتلاشنى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك. (03)

# چىلان مېۋىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى باشقۇرۇش تەدبىرلىرى

توختاشگۈل ئېلى
(ئاراتۈرۈك ناھىيە توخولۇ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839300)

چىلان مېۋىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل چىلان ئۆسۈش ھالىتى ئەسلىگە كېلىشىدىكى ھالقىلىق مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەزگىلدىكى باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلىگەندە، دەرەخ تېنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تېزلىشىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ جۇغلىنىشىنى كۈچەيتىپ، كېيىنكى يىللىق مەھسۇلات ئېلىشقا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. باشقۇرۇش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. سۇ، تۇپراقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. ① تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش: مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن تۇپراق توڭلاشتىن ئىلگىرى باغنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. ئادەتتە ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى 15 ـ 20 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ ② يوپۇرماق ئارقىلىق ئوغۇتلاش: مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن 0.3% ـ 0.5% لىك ئورىيا (尿素) ۋە 0.3% ـ 0.4% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) نىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقىنى ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ يوپۇرماقنىڭ قېرىشىنى ئاستىلىتىپ، يوپۇرماق تاشلاشنى كېچىكتۈرۈپ، كېيىنكى مەزگىللىك فوتوسىنتېز رولىنى كۈچەيتىپ، ئوزۇقلۇق جۇغلىنىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك؛ ③ ئاساسىي ئوغۇتنى بالدۇر بېرىش: مېۋىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن دەرھال تولۇق چىرىگەن سۈپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، يەنى بەش يىللىقتىن يۇقىرى ھەربىر تۈپ كۆچەتكە 100 كىلوگىرام بېرىش ھەمدە 1 ـ 2 كىلوگىرام ئەتراپىدا فوسفور ۋە كالىيلىق ئوغۇتنى قوشۇپ بېرىش كېرەك. بەش يىللىقتىن كىچىك تۈپلەرگە ئوغۇتلاش مىقدارىنى تەدرىجىي ئازايتسا بولىدۇ. بەش يىللىقتىن تۆۋەن تۈپلەرگە ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش ياكى

# تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغلارنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى

مەنساگۇل مەمتىمىن
(ئۇلۇغچات ناھىيەلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 845450)

تۆۋەن ھوسۇللۇق ئۆرۈكلۈك باغ ـ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ئۇدا بىرقانچە يىل شۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولۇۋاتقان ئۆرۈكلۈك باغالارنى كۆرسىتىدۇ.

**1. مۇھىت شارائىتىنى ياخشىلاش:** مۇھىت شارائىتىنى ياخشىلاش ـــ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئۆسۈشچانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى. شۇڭا ئۆرۈكلۈك باغ بەرپا قىلغاندا مۇشۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. (1) ھەر يىلى كۈز پەسلىدە، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، ھەربىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىگە 30 ـ 50 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت ۋە 200 گىرام ئەتراپىدا بىرىكمە ئوغۇت بېرىپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك؛ (2) باغنىڭ نەملىكىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش كېرەك. ھەر قانداق شارائىت ئاستىدىمۇ بۇنداق باغلارغا كۈزلۈك توڭ سۈيى، ئەتىيازلىق بىخ سۈيى ۋە 6 ـ، 7 ـ ئايلاردىكى قاتتىق قۇرغاقچىلىق مەزگىللىرىدىكى سۇيىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ۋە باغ يېرىگە ئوت ـ چۆپلەرنى يېيىتىپ باغ تۇپرىقىنىڭ نەملىكىنى ساقلاش كېرەك.

---

نۇرسىمان ئېرىقچە كولاپ ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىش، بەش يىللىقتىن يۇقىرى تۈپلەرگە ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش ياكى چېچىپ ئوغۇتلاش لازىم؛ ④ سۇغىرىش: مېۋە يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۈزلۈك باغ ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ بىر قېتىم سۇغىرىش، تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا ئاساسەن توڭ سۈيىنى ۋاقتىدا قۇيۇش ئارقىلىق، كىچىك تۈپلەرنىڭ يىلتىز سىستېمىسى ۋە ناچار شارائىتلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە پايدىلىق شارائىت يارىتىش كېرەك، توڭ سۈيىنى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنلىرىگىچە قۇيسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. (03)

(3) ھەربىر قېتىملىق سۇغىرىشتىن كېيىن، تۇپراق يۇمشىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆرۈكلۈك باغلاردا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش، باغنىڭ كۈن نۇرى ۋە ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆرۈك دەرىخى بىلەن ئوزۇقلۇق ۋە كۈن نۇرى تالىشىشىدىن ساقلىنىپ، قېرى ئۆرۈك دەرەخلەرنىڭ ئازادە ئۆسۈشىگە ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك؛ (4) تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلاردىكى ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز بولغاچقا، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيىنىمۇ بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا باغدىكى ئاپەتنىڭ تۈرى ۋە پەيدا بولۇش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**2. ياشارتىپ يېگىلاش:** تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئۆرۈكلۈك باغلار بولۇق مېۋە بېرىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، بۇنداق دەرەخلەردىن مول ھوسۇل ئالغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل باغدىكى قېرىغان ئۆرۈك دەرەخلىرىنى ياشارتىپ يېگىلاش، قېرى شاخلىرىنى كېسىۋېتىش، مېۋە بېرىدىغان يېڭى شاخ گۇرۇپپىسىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. ياشارتىپ يېگىلاشتا مۇھىت ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالى، دەرەخ يېشى، ئۆسۈش ھالىتى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللارمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇۋاپىق بولغان ياشارتىش تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىدەك. (1) ئازراق چاتاپ يېگىلاش: بۇنىڭدا دەرەخنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا ئۆسۈۋاتقان 3 ـ 4 يىللىق تايانچ شاخلارنىڭ 1/2 ياكى 1/3 قىسمى كېسىلىپ، قۇرۇپ قالغان ئاجىز شاخلار ۋە قىسمەن مېۋە شاخلىرى قىسقارتىلىدۇ؛ (2) ئېغىر چاتاپ يېگىلاش: بۇنىڭدا دەرەخلەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا ئۆسۈۋاتقان، بارلىق تايانچ شاخلار ۋە مېۋە شاخلار پۈتۈنلەي كېسىلىپ قايتىدىن يېڭى شاخ ۋە مېۋە شاخ گۇرۇپپىلىرى يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئادەتتە باشقۇرۇش شارائىتى ياخشى ھەم بەكلا قېرىپ كەتمىگەن دەرەخ بولسا، بىرلا قېتىم ئېغىر چاتالسا، شۇ يىلىلا نۇرغۇن يېڭى نوتىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. دەرەخ تاجىسىمۇ تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ ھەم ياشارتىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ (3) ئۆلاپ سورتىنى ئەلالاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يېگىلاش: ئۆرۈك سورتىنىڭ ناچار بولۇشى ئۆرۈك مەھسۇلاتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. بۇنداق ناچار سورتلارنى ئۆلاپ ئەلالاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن باغلارنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان ئاساسلىق تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. (03)

# ئانارلىق باغلارنىڭ كۈزلۈك بېرۋىشى

ئابلەت ئابلىز
(ئۈنسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 843100)

1. كۈزدە ئانار دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ، كۆمۈشكىچە بولغان ۋاقىتتا ھەم ئەتىيازدا بىخلىنىشتىن ئىلگىرى ئانار دەرىخىنى چاتاش لازىم. بۇنىڭدا ئاساسلىقى كۈچلۈك ئۆسكەن، تۆۋەنگە ساڭگىلىغان، غۇژ-مەكلىشىپ ئۆسكەن، زىچ ئۆسكەن، ئاستىدىكى كىچىك، قۇرىغان، كېسەل-لىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرىغان شاخلار نۇقتىلىق چاتىلىدۇ. لېكىن يې-ڭىدىن مۇقىملاشتۇرۇپ تىكىلگەن ئانار كۆچىتىنى چاتىماسلىق كېرەك.

2. باغنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ھەم پاكىزە تازىلاش لازىم. باغنى كۈزدە 25 ـ 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، باغ ئىچىدە قىشتىن ئۆتىدىغان كېسەللىك مىكروبى، زىيانداش ھاشارات ۋە تۇخۇم-لىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. يەنە باغدىكى قۇرۇغان شاخ ـ شۇمبا، تۆ-كۈلگەن يوپۇرماق، ئوت ـ چۆپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا ئۇچرى-غان شاخ، سېسىغان ھەم شاختا قۇرۇپ قالغان مېۋە قاتارلىقلارنى پا-كىزە تازىلاپ، بىر يەرگە يىغىپ، باغ سىرتىغا ئەچىقىپ چوڭقۇر كۆ-مۈش ياكى كۆيدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

3. دەرەخ غولىنى قىرىپ ئاقارتىش لازىم. دەرەخ قوۋزىقىنىڭ يېرىقچە-لىرى ئىچىدە ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇمى قىشتىن ئۆتىدۇ. شۇڭا قوۋزاقنى قى-رىپ ھاك سۈيى بىلەن ئاقارتىش لازىم. قوۋزاقنى قىرىشتا، كىچىك ۋە ئا-جىز دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى يېنىك قىرىش؛ چوڭ دەرەخ ۋە باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى بەكرەك قىرىش ھەم ئاقارتىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا دەرەخ قوۋزىقى ئاستىدىكى ۋە يېرىقچىلار ئىچىدىكى قىشتىن ئۆتىدىغان زىيانداش ھاشاراتلار ۋە تۇخۇمىنى يوقاتقىلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇششۇك ئاپىتىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. ئاقارتىش سۇ-يۇقلۇقىنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: 10 كىلوگىرام ھاك، بىر كىلوگىرام

گۈڭگۈرت پاراشوكى، بىر كىلوگىرام ئاشتۇزى، 0.1 كىلوگىرام ئۆسۈملۈك مېيى ۋە 20 كىلوگىرام سۇزۇك سۇ قاتارلىقلارنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىسا بولىدۇ. ئاقارتىش سۈيۈقلۇقىنى چوقۇم ئۇدۇللۇق تەييارلاپ، ئۇدۇللۇق ئىشلىتىش، تۇرۇپ قالغان دورىلارنى ئىشلىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىش لازىم.

4. مېۋىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشتىن ئىلگىرى، ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش لازىم. بۇ دەرەخنىڭ سوغۇققا چىدامچانلىقىنى كۈچەيتىشكە، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتنىڭ يۇقىرى، مېۋە سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئوغۇتلاش ئۇسۇلى مۇنداق: دەرەخ تاجىسىنىڭ سىرتقى قىسمىغا چوڭقۇرلۇقى 30 ـ 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاش لازىم. ئوغۇتلاش مىقدارىنى دەرەخ ئەھۋالىغا، دەرەخ يېشىغا، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىغا ۋە شۇ يىللىق مەھسۇلاتنىڭ مىقدارىغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئادەتتە مېۋىگە كىرگەن ھەر بىر تۈپ دەرەخ ئۈچۈن 20 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن، سۈپەتلىك مەھەللىۋي ئوغۇتقا 3 ـ 5 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ ئوغۇتلاش لازىم.

5. مۇۋاپىق ۋاقىتتا توڭ ياتقۇزۇپ، كۆمۈپ قىشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. دەرەخ تۈۋىنى ئاغدۇرۇپ، ئوغۇتلاپ بولغاندىن كېيىن، قىشلىق توڭ سۈيىنى ۋاقتىدا قۇيۇش قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە پايدىلىق. كۆمۈشتىن بۇرۇن، چوقۇم ئالدى بىلەن شال پاخلى بىلەن ئوراپ، ئارقىدىن تاش ياكى چالما بىلەن مەھكەم باستۇرۇپ، ئاندىن كۆمۈش لازىم. 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈش، كۆمىدىغان توپىنى دەرەخ يىلتىزىدىن يىراقراق جايدىن ئېلىپ، دەرەخ يىلتىزىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. (03)

## تۆۋەن تېمپېراتۇرا، ئاجىز يورۇقلۇقنىڭ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

گۇلزار نۇرمەمەت رىزۋانگۈل قۇدرەت
(يەكەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844700)

پارنىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ مۇۋاپىق، يورۇقلۇقنىڭ يېتەرلىك بولۇشى كۆكتاتتىن سۈپەتلىك يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئاساسى.

1. كۆكتات ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى يۇقىرى، يورۇقلۇققا بولغان تەلىپى تۆۋەنرەك بولىدۇ. بىخلىنىش مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئۇزۇن داۋام قىلسا ئۇرۇق سېسىپ كېتىدۇ.

2. كۆكتات مايسا مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسا يىلتىز چىقىرالمايدۇ. قېرى يىلتىزى سارغىيىپ، يىلتىز ھوجەيرىلىرى تەدرىجىي ئۆلىدۇ.

3. كۆكتات مايسا مەزگىلىدە تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا پەللە يوپۇرماقنىڭ چۆرىسى يېشىللىقنى يوقىتىپ ئاقىرىدۇ، ھەقىقىي يوپۇرماق شەكىللەنمەيدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماق تەدرىجىي قۇرۇلۇپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

4. كۆكتات ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا تۆۋەن تېمپېراتۇرا تەسىرىگە ئۇچرىسا، بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىدۇ، غولى چۈرۈكلىشىپ ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ.

5. كۆكتاتنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىدىكى يېڭى بىخ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە ئاجىز يورۇقلۇق تەسىرگە ئۇچرىسا ئۆسۈشتىن توختايدۇ.

6. كۆكتات چېچەكلەش، چاڭلىنىش، مېۋىلەش ۋە مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە يورۇقلۇق ئاجىز، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسا چاڭلىنىش، مېۋىلىشى نورمال بولماي، چېچەك، مېۋىلىرى كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ.

7. تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق ئاجىز، ھاۋا تۇتۇق بولسا غول، يوپۇرماق، چېچەك، مېۋىلىرىدە سېسىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. (02)

# نەشپۈتتە دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئالىيە ئابدۇكېرىم
(تېكەس ناھىيەلىك ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 835500)

**1. نەشپۈت دەرىخى چىرىش كېسىلى:** ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى: (1) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، دەرەخنىڭ كېسەلگە چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرۇش، كۆچەت ۋاقتىدىن باشلاپ مۇۋاپىق دەرەخ شەكلىنى يېتىشتۈرۈش، يەر شەكلىگە ئاساسەن مۇۋاپىق دەرەخ شەكلىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا رېتسىپلىق ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، سۇغىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، سوغۇقتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇششۇكنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، دەرەخ غولىنى ئاقارتىش لازىم. كېسەللىك دېغى كۆرۈلگەن قوۋزاقنى قىرىۋېتىش، چاتاش جەريانىدا كېسەللەنگەن شاخ، يوپۇرماقلارنى قالدۇرماي كېسىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم؛ (2) دورا ئارقىلىق يوقىتىشتا، ئەتىيازدا دەرەخ بىخلىنىشتىن ئىلگىرى 40% لىك ئاسومات (福镁胂) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 50 ـ 100 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، بائومى 3 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى، 5% لىك جۇندۇچىڭ (菌毒清) سۇيۇق دورىسىنىڭ 50 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى چېچىش لازىم.

**2. نەشپۈت دەرىخى قۇرۇپ چىرىش كېسىلى:** ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى: (1) پەرۋىشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق دەرەخ شەكلىنى ساقلاش، ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق چاتاش، كېسەل تەگكەن شاخلارنى كېسىۋېتىش، ۋاقتىدا سۇغىرىش، باغقا يىغىلىپ قالغان سۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىش كېرەك؛ (2) ئۆسۈش مەزگىلىدە 160 ھەسسىلىك بوردو سۇيۇقلۇقىنى ياكى 50% لىك تۇزېت (退菌特) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ

800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ؛ (3) كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە كېسەللىك داغلىرى بار قوۋزاقلارنى قىرىۋېتىش ھەم توپسىن (托布津) مايلىق مەلھەمنى كېسەللەنگەن ئورۇنغا سۈرۈش ياكى «S ـ 921» مىكروب يوقىتىش دورىسىنى 20 ـ 30 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ سۈرۈش ياكى 2% لىك «401» مىكروب يوقىتىش دورىسىنى سۈرۈش كېرەك.

**3. نەشپۈت قارا داغ كېسىلى:** ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى: (1) كېسەل تەگكەن غازاڭ ۋە مېۋىلەرنى پاكىز تازىلىۋېتىش، چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەللەنگەن شاخلارنى كېسىۋېتىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ كېسەللىك مەنبەسىنى ئازايتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دەرەخ شەكلىنى ياخشىلاش، دەرەخنىڭ كېسەلگە چىدامىلىقلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (2) دەرەخ تىنچلىنىش مەزگىلىدە بىر قېتىم 0.3% لىك ناترىي پېنتا خلورو فېنول (五氯酚钠) پاراشوكىنى ياكى بائومى بەش گرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى پۈركۈش ئارقىلىق، نەشپۈت شېخىدا قىشتىن ئۆتىدىغان باكتېرىيەلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ. نەشپۈت چېچەكلەشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن بىر قېتىمدىن 1:2:240 نىسبەتتە تەڭشەلگەن بوردو سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا 50% لىك ئاموبام (代森胺) سۇيۇق دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 65% لىك ئاموبام نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 700 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 50% لىك تۇزېت نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى روۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك.(02)

# يۇقىرى زىچلىقتا تېرىلغان كېۋەزنىڭ غۇنچە، غوزىسى تۆكۈلۈش سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

شەرۋانىگۈل تۇرسۇنجان    تۇنساخان
(بورتالا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 833400)

1. ئورگانىك ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن غۇنچە غوزىسى تۆكۈلىدۇ. ئورگانىك ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى كېۋەز تېنىدىكى ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىرىكىشى، توشۇلۇشى ۋە تەقسىملىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2. تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن غوزىسى تۆكۈلىدۇ. ئوغۇتلاش ئاز ياكى مۇۋاپىق بولمىسا، بولۇپمۇ ئازوتلۇق ئوغۇت كۆپ مىقداردا بېرىلسە، كېۋەزنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرى زىچ ئۆسۈپ، يورۇقلۇق شارائىتى ناچارلىشىپ، يوپۇرماقنىڭ فوتوسىنتېز رولى ئاجىزلايدۇ، ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىرىكىشى ئازىيىدۇ. كېۋەز تۇپىدە ئازوتنىڭ مىقدارى كۆپ بولغانلىقتىن، ماددا ئالمىشىش جەريانىدا ئاقسىلنىڭ بىرىكىشى ئاسانلىشىپ، غۇنچە، غوزىلارغا كېرەكلىك بولغان كاربون ـ سۇ بىرىكمىلىرى ئازىيىدۇ ـ دە، غۇنچە ـ غوزىلار تۆكۈلىدۇ.

3. يورۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن غۇنچە ـ غوزىسى تۆكۈلىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك چۈشمىسە، فوتوسىنتېز رولى ئاجىزلاپ، ئورگانىك ئوزۇقلۇقنىڭ بىرىكىشى ئازىيىدۇ. كېۋەزنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاستىنقى قىسمىدىكى يوپۇرماقلارغا كۈن نۇرى ياخشى چۈشمىسە ئوزۇقلۇق بىرىكىشى ئازلاپ، غۇنچە، غوزىلارغا ئوزۇقلۇق يېتىشمەي، كۆپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

4. چىكانكا قىلىشنى ياخشى ئىشلىمىگەنلىكتىن غۇنچە ـ غوزىلار كۆپىيەلەپ سىيسىپ، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش:** (1) ئەلا سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) تۇپ، قۇر ئارىلىقىنى مۇۋاپىق قىلىش كېرەك؛ (3) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش كېرەك؛ (4) تۇپ شەكلىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش كېرەك؛ (5) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ (6) يىلتىز سىرتىدىن ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل مىكرو ئېلېمېنتلىق يوپۇرماق ئوغۇتلىرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلارنى توغرا، مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك. (03)

# كېۋەز ئېتىزلىرىدىكى ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۇسۇلى

مېھمانگۈل سايىم
(جىڭ ناھىيە داخىيەنزى بازىرى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 833305)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىكىدە ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى ئىشلىتىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن، دېھقانلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىقتىسادىي زىيانلارنى سالماقتا. شۇڭا كېۋەز مايسىلىرى ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش توغرىسىدا كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان كېۋەزنى پەرقلەندۈرۈش: (1) ئۇرۇق دورىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا كېۋەز مايسىسى ئۈنمەيدۇ، ئۈنگەن بىلەنمۇ مايسىنىڭ ئۆسۈشى ياخشى بولمايدۇ؛ (2) كېۋەز مايسىسى دورىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا، يوپۇرماق ۋە غولى قىسقىرايدۇ، بىر قىسىم كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ چۈشۈپ كېتىدۇ، بىر قىسىملىرى يىلتىزىدىن قۇرۇپ كېتىدۇ.

2. ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنى يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرى: (1) ئوت ـ چۆپ دورىسىنى قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسى ئورنىدا خاتا ئىشلىتىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ (2) ئوت ـ چۆپ دورىسىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنى كېلىپ چىقىدۇ؛ (3) ئىشلىتىش ۋاقتى توغرا بولماسلىق، ئىشلىتىش مىقدارى ئېشىپ كېتىش، دورىنى ئۆلچەم بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ؛ (4) كېۋەز ئېتىزلىرىغا خىدونال (二甲四氯) نى چاچقاندا، پۈركۈش ماشىنىسىنى پاكىز يۇيماي تۇرۇپ تەكرار ئىشلەتسە كېۋەز مايسىلىرى زىيانغا ئۇچرايدۇ؛ (5) ئادەتتە ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دو-

رىسنى چاچقاندىن كېيىن، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ كەتسە يېڭىدىن تېرىغان كېۋەز ئۇرۇقلىرى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

3. دورىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى: (1) بەخەتەر ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى گىلىفوسفات (草甘膦) نى قۇرت يوقىتىش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ (2) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسەن ئىشلىتىش، ئۆز مەيلىچە دورىنىڭ مىقدارىنى ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم؛ (3) پۈركۈش ماشىنىسىنى يۇماستىن قايتا ئىشلەتكەندە كېۋەز مايسىلىرى ئوت ـ چۆپ، يوقىتىش دورىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا دورا چېچىپ بولغاندىن كېيىن پۈركۈش ماشىنىسىنى سوپۇن پاراشوكى بىلەن پاكىز يۇيۇپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4. ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش: (1) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى توغرا تاللاش: ئادەتتە ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يوقىتىش ئوبيېكتى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا ھەر خىل زىرائەتلەرگە ئىشلەتكەندە تۈرى، ئوت ـ چۆپنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (2) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلىتىش: ئوخشاش بولمىغان ياۋا ئوت ـ چۆپكە دورا چاچقاندا ئوت ـ چۆپنىڭ تۈرى، ئۆسۈش ئەھۋالى، تۇپراقنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن ئەڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىش مىقدارنى بېكىتىپ ئىشلىتىش كېرەك؛ (3) ئىلمىي ئۇسۇلدا پۈركۈش: ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى پۈركىگەندە پۈركۈش ماشىنىسىنى تەڭشەپ تەكشى پۈركۈش، تەكرار، ئالا پۈركۈشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (4) ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش: ھەر يىلى ئوخشاش ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى ئىشلەتكەندە، تەدرىجىي ھالدا دورىنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى شەكىللىنىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىش ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ. شۇڭا ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسىنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (05)

# كۆكتاتلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

ھۆرمەت ساۋۇت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 838100)

يېقىندىن بۇيان كۆكتات كۆك پىتى، قۇرۇش كېسىلى، سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى پارنىكلاردا كۆپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ كېسەللىك، ھاشاراتلار پەيدا بولغاندا كۆكتات تۈپى ئوخشاشلا سولۇشۇپ قالىدىغان بولغاچقا، دېھقانلار كۆپىنچە بۇنى ئېنىق ئايرىيالماي، قارىغۇلارچە دورا ئىشلەتكەنلىكتىن، ئىقتىسادىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى كېسەلنى يوقىتىش ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ، كۆكتاتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچرىماقتا، ھەتتا مايسا نابۇت بولماقتا.

**1. كېسەللىك ئالامىتىنى پەرقلەندۈرۈش:** كۆكتات كۆك پىتى، قۇرۇش كېسىلى، سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئىككىلىسى يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، تۈپلەر يۇقۇملانغاندىن كېيىن ئۆتكۈزگۈچ نەيچىلەرنىڭ رەڭگى تەدرىجىي قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، دەسلەپكى مەزگىلىدە يوپۇرماقلىرى چۈشتە سولۇشۇپ، ئەتىگەن كەچتە ئەسلىگە كېلىدۇ، كېيىنكى مەزگىلدە سولۇشۇپ ئەسلىگە كەلمەيدۇ. كېسەل تەگكەن غولىنى بويىغا كېسىپ سۈزۈك سۇ قاچىلانغان ئەينەك ئىستاكانغا سالغاندا، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقسا كۆك پىت قۇرۇش كېسىلى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقمىسا، تۈپىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى سارغايغان بولسا سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى پەيدا بولغان بولىدۇ.

يىلتىز تۈگۈنەك ھاسىل قىلغۇچى قىل قۇرت زىيان سالغان دەسلەپكى مەزگىلىدە يەر ئۈستىدىكى قىسمىنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلايدۇ، يوپۇرمىقى نورمال تۈپكە قارىغاندا كىچىك بولىدۇ، چاچما يىلتىزى ئاز، يىلتىزىدا تىزىپ قويغان مەرۋايىتقا ئوخشاش قۇرت ئۆسمىسى پەيدا بولىدۇ، قۇرت ئۆسمىسىنى يارغاندا سۈترەڭ نەشپۈتسىمان چىشى قۇرتلارنى بايقىغىلى بولىدۇ.

## ئۆزۈمدىكى ئاق توزان كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

گۈلسۇم ئويۇپ
(قۇمۇل شەھىرى شەھەر ئىچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)
ھاۋاگۈل يىمىت
(قۇمۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 839000)

قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئۈزۈم تېرىلغۇ مەيدانى 550 مىڭ مو بولۇپ، ئۈزۈم مەھسۇلات مىقدارى ۋە كىرىم يىلسېرى ئۆرلىمەكتە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كلىماتنىڭ تەسىرى، ئۈزۈملۈك باغلاردا باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۈزۈمدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىرقەدەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ئۈزۈمدىكى ئاق توزان كېسىلى قۇمۇلدىكى ئۈزۈم تېرىلغۇ رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولۇۋاتىدۇ، بەزى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، ئۈزۈمنىڭ مەھسۇلات سۈپىتى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىمەكتە. ئاق توزان كېسەللىكى ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىپ، بىر قىسىم دېھقانلارغا بەلگىلىك ئىقتىسادىي زىيان سېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

---

**2. ئالدىن ئېلىپ يوقىتىش:** سولۇشۇپ قۇرۇش كېسىلى ئېغىر پەيدا بولىدىغان كۆكتاتلارنى (تەرخەمەكنى) قارا ئۈرۈقلۇق كاۋا ۋە قورۇما كاۋىسىغا ئۇلاپ ئۆستۈرۈش، كۆك پىت، قۇرۇش كېسىلى پەيدا بولغاندىن كېيىن ئېتىزنىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، باستۇرۇپ سۇغارماسلىق، پارنىك ۋە تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، كېسەللىك پەيدا بولغاندا دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك. دورا ئارقىلىق يوقىتىشتا دورىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ، ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا ئۈچ قېتىم يىلتىزغا دورا قويۇش كېرەك. (03)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** ئۆزۈمدىكى ئاق توزان كېسەللىكى بىر خىل زەمبۇرۇغلۇق كېسەللىك بولۇپ، ئاساسلىقى مېۋە، يوپۇرماق ۋە يېڭى شاخلارغا زىيان سالىدۇ، يۇمران شاخلار ئاسان يۇقۇملىنىدۇ. مېۋە زىيانغا ئۇچرىغاندا مېۋە يۈزىدە تورسىمان سىزىقچىلار پەيدا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مېۋە شەكلى ئۆزگىرىپ ئاسان يېرىلىدۇ ھەمدە سىرتقى يۈزىدە بىر قەۋەت ئاق توزان پەيدا بولۇپ، مېۋە دانىسى ئاسانلا سولۇشۇپ تۆكۈلىدۇ ۋە تەمى چۈچۈمەل بولۇپ، ئىستېمال قىلغىلى بولمايدۇ. يېڭى شاخ، يوپۇرماق سېپى ۋە ساپاقتا كېسەللىك كۆرۈلگەندە، سىرتقى يۈزىدە قوڭۇر رەڭلىك تورسىمان سىزىق پەيدا بولۇپ، بىر قەۋەت ئاق توزان پەيدا بولىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكى:** ئاق توزان مىكروب تەنچىسى يۇقۇملانغان توقۇلمىلاردا ياكى قىشلىق ئۇيقۇدىكى بىخلاردا قىشتىن ئۆتۈپ، ئىككىنچى يىلى مۇۋاپىق شارائىتتا ئىسپورلۇق تەنچىلەرگە بۆلۈنۈپ، بوران تەسىرىدىن ئەتراپتىكى كۆكلىگەن بىخلارغا كۆچۈپ، تۇنجى قېتىم يۇقۇملاندۇرىدۇ. ياز پەسلىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا، قۇرغاق، دىمىق ئىسسىق كىلىمات بۇ خىل كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە كۆپىيىشىگە پايدىلىق بولىدۇ. ئۆستۈرۈش زىچ بولۇش، شاخلار زىچ بولۇش، ۋاقتىدا پۇتىماسلىق ۋە ئۇچىنى ئۈزمەسلىك، باشقۇرۇش قوپال بولۇش، ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئارتۇقچە بېرىش، شۇڭلار ھەددىدىن زىيادە ئۆسۈپ كېتىش، ئوت - چۆپ كۆپ بولۇش، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈشى ياخشى بولماسلىق، ھەددىدىن ئارتۇق مېۋە قالدۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر ئاق توزان كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قۇمۇل رايونىمىزدا بۇ خىل كېسەللىك ئادەتتە 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدىن باشلىنىپ 7 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرى كېسەللىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى:** (1) دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى: كۆز-لۈك پۈتاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كېسەللەنگەن يوپۇرماق، مېۋە، شاخ قا-تارلىقلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈپ، قىشتىن ئۆتىدىغان كېسەل مەنبەسىنى ئازايتىش كېرەك. ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە ئۈچىنى ئۈزۈش، ۋاقتىدا باغلاش، قوشۇمچە شاخلارنى كېسىش، زىچ شاخلارنى شاللىۋېتىپ، بارانىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش ۋە كۈن نۇرى چۈشۈشىنى ياخشىلاش، باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە فوسفورلۇق، كالىيلىق بىرىكمە ئوغۇتلارنى كۆپەيتىپ بېرىپ، دەرەخ تېنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇ-رۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئازوتلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىـ-تىپ، شۇڭلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۆزۈن ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئې-لىش، ئوت - چۆپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا پاكىز تازىلاش، يامغۇرلۇق كۈنلەردە يىغىندا سۇلارنى چىقىرىۋېتىپ، بارانىڭ نەملىكىنى تۆۋەنلىتىش، يوپۇر-ماق يۈزىدىن كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) قاتارلىق ئوغۇتلارنى چېچىپ، دەرەخ تېنىنى كۈچلەندۈرۈپ، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارد-نى ئاشۇرۇش كېرەك.

**4. خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش:** كۈزدە ئۈزۈمنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى ئاق تۇزان كېسەلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىلى، شۇڭا كۈز-دە كۆمۈشتىن ئىلگىرى بائومى 3 - 5 گىرادۇسلۇق ھاك - گۈڭگۈرت ئې-رىتمىسى (石硫合剂) نى تەكشى چېچىپ، كېسەللىك مىكروبلىرىنىڭ قىشتىن ئۆتۈۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. ئۈزۈم چېچەك ئېچىلىش-تىن ئىلگىرى، چېچەك تۆكۈلۈشتىن كېيىن 2 - 3 قېتىم دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ ئالدىنى ئېلىش، چېچىش ئارىلىقى 10 كۈن ئەتراپىدا بولۇش، دېھقانچىلىق دورىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىپ، دورىغا كۆنۈۋې-لىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

مىكروب ئۆلتۈرگۈچ دورىلاردىن ئاساسلىقى 3000 ـ 4000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 50% لىك باۋ بېي سەن لىجى (保倍散粒剂)، 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇلغان 50% لىك باۋ بېي فۇمېي شۇاڭ WP (保倍福美双 WP) نى ئىشلىتىش كېرەك. ئۈزۈم ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە نوڭ كاڭ ۋۇ يى جۈن سۇ (农抗武夷菌素) نى 100 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ، 75% لىك داكونىل (百菌清) نى 600 ـ 800 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ، 12.5% لىك چىڭ جۈن زو (晴菌唑) نى 2000 ـ 2500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 40% لىك دۇ باڭ فۇشىڭ (杜邦福星) نى 8000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 10% لىك شى گاۋ (世高) نى 2000 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ چاچسا بولىدۇ. 10% لىك مېي ئەن شۈي جى (美铵水剂) نى 600 ـ 800 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ، 20% لىك بېن مى جىيا خۈەن زو سۇدا تارقىلىشچان دانىچە دورىسى (苯醚甲环唑水分散粒剂) نى چېچەكلەشتىن كېيىن يۇمران مېۋىسىگە مۇۋاپىق قويۇقلۇقتا ئىشلەتسە ئۆسۈشنى چەكلەپ قويمايدۇ. 80% لىك ماۋ زو چۈن (茂唑醇) نى 6000 ـ 10000 ھەسسە سۇيۇقلاندۇرۇپ چاچقاندا، يېنىك دەرىجىدە ئۆسۈشنى چەكلەپ قويىدۇ. شۇڭا، دەسلەپكى مەزگىلدە تۆۋەن قويۇقلۇقتىكى، ئاخىرقى مەزگىلدە يۇقىرى قويۇقلۇقتىكى دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. 50% لىك مى جۈن جى سۇدا تارقىلىشچان دانىچە دورا (醚菌酯水散粒剂) نى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. مېۋە دانىچىسى يوغىناشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئاچ ئازوتلوق سۇيۇق دورىسى (三唑酮水剂) نى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۈزۈمدىكى ئاق توزان كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

# شاپتۇلنىڭ يېلىم كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ئەكپەر قېيۇم
(تۇرپان شەھىرى ئايدىڭكۆل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838000)

بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى شاپتۇل، بادام، ئۆرۈك، گىلاس، توغاچ قاتارلىق ئۇچكىلىك مېۋىلەرگە زىيان سالىدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشسا مېۋە مەھسۇلاتىغا ۋە سۈپىتىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** ئاساسلىقى شاپتۇل دەرىخىنىڭ غولى، مېۋىسى، شېخىدا يېلىم كېسىلى پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ غول ۋە ئاساسىي شاخ چاتىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسان پەيدا بولىدۇ. پەيدا بولۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېسەللەنگەن ئورۇن كۆپۈپ چىقىدۇ. كېيىن سېرىق رەڭلىك يېلىم ئېقىپ چىقىدۇ، ئېقىپ چىققان يېلىم ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. ئېغىر بولغاندا قوۋزاق يېرىلىدۇ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاجىزلىشىدۇ، يوپۇرماق سارغىيىدۇ، مېۋىسى كىچىك، تەمسىز بولىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش سەۋەبى:** يېلىم كېسىلى بىر خىل فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، كېسەللىك سەۋەبچىسى مۇرەككەپ بولىدۇ. يېلىم كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: ① يېلىم كېسىلى يېپىشقاق، ئېغىر تۇپراققا تىكىلگەن شاپتۇللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. چۈنكى بۇنداق تۇپراقتا شاپتۇلنىڭ يىلتىزى تەرەققىي قىلالمايدۇ؛ ② ئازگال، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، باستۇرۇپ سۇغىرىلغان، ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان، ئورگانىك ئوغۇت يېتەرلىك بېرىلمىگەن باغلاردا بۇ كېسەللىك ئېغىر پەيدا بولىدۇ؛ ③ كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىدىن يېلىم ئېقىش كېسىلى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا شاپتۇل نوتا قۇرتى شاپتۇلنىڭ نوتىسىغا زىيان سالسا يېلىم پەيدا بولىدۇ. ئۆرۈك، شاپتۇل، بولۇپمۇ قېرى ئۆرۈك دەرىخى شاپتۇل قوۋزاق ئاستى قۇرتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىسىمۇ يېلىم پەيدا بولىدۇ.

# كېۋەز يوپۇرماق تومۇزغىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش- يوقىتىش ئۇسۇلى

ئارزۇگۇل رېھىم
(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى قومۇل ئۈسۈملۈك كارانتىن پونكىتىدىن 839000)

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** كېۋەز يوپۇرماق تومۇزغىسى كېۋەز يوپۇرماق سەكرىگۈچى قۇرتى، قارىياغاچ يوپۇرماق تومۇزغىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيان سالىدۇ. كېۋەز، پىدىگەن، تاماكا، پەمىدۇر، ئۈزۈم ۋە يەر ياڭىقى قاتارلىق 70 خىلدىن ئارتۇق زىرائەتكە زىيان سالىدۇ. يوپۇرماق تومۇزغىسى كېۋەز يوپۇرمىقىنىڭ شىرىنىسىنى شۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىپ، ئۆز تېنىدىن زەھەرلىك سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىپ، يوپۇرماق گىرۋىكى قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ پۈرلىشىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق قۇرۇپ تۆكۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غوزا شېخى قىسقا ئۆسۈپ، گۈل - غوزىچىلىرى تۆكۈلىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** شىنجاڭنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان رايونلىرىدا يىلدا 4 ـ 5 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. پىدىگەن، بەرەڭگە قاتارلىق زىرائەت-

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** ① شاپتۇلنى قومساق تۇپراقلىق يەرلەرگە تىكىش كېرەك؛ ② ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش كېرەك؛ ③ شاپتۇل دەرىخىنى ئۇششۇك تېگىش ھەم ئاپتاپ چېقىشتىن ساقلاش لازىم؛ ④ كۆزدە دەرەخ غولىغا ھاك سۈرۈپ، ھاشارات تۇخۇمىنىڭ قوۋزاق ئارىسىدا قىشتىن ئۆتۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ ⑤ چارۋا ـ مال ۋە ياۋا توشقانلارنىڭ غاجىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ ⑥ پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، دەرەخنىڭ زەخىملىنىشىدىن ساقلىنىش، ئەگەر زەخىملەنگەن بولسا زەخىملەنگەن ئورۇنغا بائومى 4 ـ 5 گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۆڭگۈرت بىرىكمىسى سۈرۈش كېرەك. (03)

لەرنىڭ يوپۇرماق ساپىقى ۋە يۇمران يوپۇرمىقىدا قىشتىن ئۆتىدۇ. 5 ـ ئايلاردا لىچىنكىسى پەيدا بولىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ بې. شىغىچە كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئا. خىرىغىچە ئېغىر زىيان سالىدۇ. كېۋەز يوپۇرماق تومۇزغىسى يورۇقلۇقنى، ئىسسىقلىقنى ياقتۇرىدۇ، سوغۇقتىن قورقىدۇ. ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇ. رىسى 32℃، نىسبىي نەملىكى 70% ـ 80% بولغاندا يوپۇرماق تومۇزغىسى تېز كۆپىيىپ زىيان سېلىشقا باشلايدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) دېھقانچىلىق تەدبىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش: يەرنى مۇۋاپىق پىلانلاش، ئىمكانقەدەر ئورمان بەلباغلىرى بىلەن قورشاش، پۈتۈنلەي قارىياغاچ تىكىپ ئىمكانقەدەر ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلماس. لىق كېرەك. قىش، ئەتىيازدا ئېتىزنى ئاغدۇرۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنى تا. زىلاپ، قىشتىن ئۆتۈش مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. (2) ھاشارات زىيىد. نىغا چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم؛ (3) خىمىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: يوپۇرماق تومۇزغىسىنىڭ سانى كۆپىيىپ يوپۇرماقنى پۈتۈنلەي ئاق داغلار قاپلاپ كەتكەندە، كېۋەزلىككە دورا چېچىش لازىم. قا. رىياغاچقا يېقىن كېۋەزلىكتە يوپۇرماق تومۇزغىسى ئېغىر پەيدا بولغان بولسا، لىچىنكىسى پەيدا بولغاندىن باشلاپ يېتىلگەن ھاشاراتقا ئايلىنىشقا باشلىغانغا قەدەر دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق يوقىتىش تەۋسىيە قىلىد. نىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن 40% لىك روگور (乐果) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقى، 90% لىك دىپتېرېكس كىرىستالى (敌百虫晶体)، 80% لىك د د ۋ سۇت. سىمان سۇيۇقلۇقى، 50% لىك ئازودىرىن (久效磷) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقى، 45% لىك مالاتىئون (马拉硫磷) سۇتسىمان سۇيۇقلۇقى، 25% لىك سىۋىن (西维因) ئېرىشچان پاراشوكى قاتارلىقلارنى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. (03)

# سۇ بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى

رەيھانگۈل ئابدۇمۆمىن
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

سۇ ـــ ھاياتلىقنىڭ جېنى. يېزا ـ ئىگىلىك، سانائەت، قاتناش ـ ترانسپورت، سۇ مەھسۇلاتلىرى، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ تەكرار تولۇقلىنىدىغان ۋە يەر شارىدا ئۈزۈكسىز ئايلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا يەر شارى كىلىماتىنى تەڭشەپ، ئېكولوگىيەلىك سىستېما ھاسىل قىلىدۇ. نۆۋەتتە شەھەرلىشىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇنىڭ بۇلغىنىشى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. سۇ مۇھىتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، سۇنى بۇلغايدىغان ئامىللار كۆپ ھەم دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى يەنىلا سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە شەھەر تۇرمۇشىدىن ئىبارەت.

سانائەتتە زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردىن چىقىرىۋېتىلگەن پاسكىنا سۇلارنىڭ تەركىبىدە سانائەت خام ئەشيالىرىنىڭ قالدۇقلىرى، مەھسۇلات قالدۇقلىرى، زىيانلىق ماددىلار، مېتاللار، سۇيۇق ماددىلار، تۇزلار، بوياقلار، سىرلار، ئاقارتقۇچى ماددىلار، ئىشقارلىق، ئازوتلۇق، سولفاتلىق بىرىكمىلەر ۋە زەھەرلىك بولغان ئانورگانىك، ئورگانىك ماددىلار بولىدۇ. تۇرمۇشتىن چىقىرىلغان پاسكىنا سۇلارنىڭ تەركىبىدە ئامونىي كىسلاتاسى، ماي كىسلاتاسى، سۈت كىسلاتاسى، سوپۇنلار، كىرئالغۇچىلار، ئامونىيلىق قەنتلەر، كېسەللىك پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە ھەم ۋىرۇسلار، پارازىتلار، ھەر خىل قۇرتلارنىڭ تۇخۇملىرى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدىن چىققان سۇ تەركىبىدە، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈك، گەندە، تېزەكلىرىدە ھەر خىل چىرىندى ماددىلار، خىمىيەۋى ئوغۇتلار، خىمىيەلىك، ئورگانىك ۋە ئانورگانىك دورىلار ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكۈچى دورىلار بار بولىدۇ. سۇنى بۇلغايدىغان ماددىلار چوڭ جەھەتتە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇلغاپلا قالماستىن بەلكى يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا قىلىپ، ئىنسانلار ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپ، نورمال ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزىدۇ. شۇڭا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى جەھەتتە ئىزدىنىشكە، تەد-

قىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك:

1. يېزا ئىگىلىكىدىن چىققان پاسكىنا سۇنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك پاسكىنا سۇلىرى كۆپىنچە ئېتىزدىن چىققان بولغاچقا، بىر تەرەپ قىلىشتا ئېقىم يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، سۇنىڭ بىر يەرگە يىغىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم، بولمىسا سۇ ئۇزۇن مەزگىل بىر يەرگە يىغىلىۋالغاندا يەر ئاستىغا چوڭقۇر سىڭىپ، يەر ئاستى سۈيىنى بۇلغايدۇ ياكى تېشىپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە چۈشۈپ يەر ئۈستى سۈيىنى بۇلغايدۇ.

2. زاۋۇت، كان - كارخانىلارنىڭ ئورنىنى پىلانلاپ بېكىتىشتە ئىچىملىك سۇ رايونىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە بېكىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش، سانائەتتە ئىشلىتىلگەن سۇلارنى بىۋاسىتە ئېقىن سۇلارغا قويۇۋەتمەستىن، تەكرار ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بارلىرىنى تەكرار ئىشلىتىش، تەكرار ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى يوقلىرىنى ئاھالىلەر رايونىغا يىراق بولغان، تۇرمۇش ۋە مۇھىتقا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان جايلارغا ئېقىتىۋېتىش كېرەك.

3. تۇرمۇش يۇندىلىرىنى دەريا ئېقىنلىرىغا قويۇۋەتمەستىن، تازىلاپ ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بارلىرىنى تازىلاپ تەكرار ئىشلىتىش، تازىلاش ئىمكانىيىتى يوقلىرىغا قارىتا «كېرەكسىز سۇنى تۇپراققا ئاستا سىڭدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش» تېخنىكىسىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىشىش كېرەك.

4. كېرەكسىز سۇدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنى سۇغىرىش لازىم. كېرەكسىز سۇ كۆپ بولغان رايونلاردا كېرەكسىز سۇ بىلەن سۇغىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، بۇلغىما سۇدا ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ، مۇۋاپىق سۇغىرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، سۇنى نېپىز سىڭدۈرۈشتىكى فىزىكىلىق جەريان، خىمىيەلىك جەريان ۋە بىيولوگىيەلىك جەريان ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، يەر يۈزىنىڭ بۇلغىنىش مەنبەسىنى ئازايتىپ، كېرەكسىز سۇ تەركىبىدىكى ئازوت، فوسفور قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلاردىن پايدىلىنىپ، پاسكىنا سۇ بىلەن سۇغىرىلغان تۇپراقنىڭ كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق، مول هوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (05)

# تاقاق، چىغىرىقلارنى بىخەتەر ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئەخمەتنىياز ئەبەيدۇللا
(لوپ ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدىن 848200)

يورۇڭقاش دەريا ۋادىسىدا ئىشلىتىۋاتقان توما، تاقاق، چىغىرىقلار تۈت بۇلۇڭلۇق ۋە ياي شەكىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. قىش پەسلىدە مەشغۇلات قىلغاندا تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ توڭلاش سەۋە-بىدىن نۇرغۇنلىغان ئاۋارىچىلىقلار كېلىپ چىقىدىغان بولۇپ، نورمال سۇ تەڭشەش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. تاقاق ۋە چىغىرىقلارنىڭ سىلىقلاش مېيىنىڭ توڭلاپ قېلىشى، توما، تاقاقلارنىڭ ئوقۇرىدا مۇز توڭلاپ قېلىش، سۇ ئۈستىدىكى مۇزنىڭ توما، تاقاقلارغا سوقۇلۇشى ھەمدە تاقاق ئالدى ـ كەينىدىكى مۇزنىڭ تاقاق بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، چىغى-رىقلارنى ئايلاندۇرۇش، تاقاقلارنى كۆتۈرۈش كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقىدۇ. تاقاقلارنى مەجبۇرىي كۆتۈرگەندە توك يوللىرى ۋە توك ئۇسكۇنىلىرىنى بۇزۇش، چىغىرىق بىلەن تاقاقنى ئۇلاپ تۇرغۇچى ئۇسكۇنىلەرنى بۇزۇش، ئۇسكۇنىلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ئۆز-گەرتىۋېتىش قاتارلىق ھادىسىلەر كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى نورمالسىز ئەھۋاللار تۇپەيلىدىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ قىش پەسلىدە نورمالنى سۇ تەقسىملەش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى ھادىسىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى تۆۋەندىكىدەك:

1. قىش كىرىشتىن بۇرۇن توما ـ تاقاقلارنىڭ مېخانىك قىسمى، توك يوللىرى ۋە سۇ ئىنشائات قۇرۇلمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، مەسىلە سېزىلسە دەل ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، ئاسراش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئار-قىلىق، توما ـ تاقاقلارنىڭ نورمال ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. چىغىرىقنىڭ سىلىقلاش مېيىنى قىش پەسلىدە ئىشلىتىدىغان، توڭ-توڭلىماس سىلىقلاش مېيىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

3. مەشغۇلات قىلغاندا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن، قەرەللىك ھالدا چىغىرىق ۋە تاقاقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇر-

# ئۈزۈمنى سۇغىرىشنىڭ ھالقىلىق مەزگىللىرى

زەينۇر ئەزىز
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 845350)

**1. بىخلىنىشتىن بۇرۇنقى سۇغىرىش:** بۇ مەزگىل ئۈزۈم بىخلىنىدىغان، يېڭى نوتا چىقىرىدىغان، غول رېتى بۆلۈنىدىغان، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ھەرىكىتى تېزلەشكەن مەزگىل بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ.

**2. چېچەكلەشتىن 10 كۈن بۇرۇنقى سۇغىرىش:** بۇ مەزگىل نوتا تېزلىكتە ئۆسۈۋاتقان، غول رېتىنىڭ بۆلۈنۈشى تېزلەشكەن، يىلتىز سىستېمىسى يېڭى يىلتىزلارنى چىقىرىۋاتقان، دەرەخ تېنى ئوزۇقلۇقلارنى سۈمۈرۈشنى تېزلەتكەن، پارلىنىش كۈچەيگەن مەزگىل بولۇپ، سۇغا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ.

**3. چېچەكلەش مەزگىلى:** بۇ مەزگىلدە سۇنى كونترول قىلىش كې-

---

غاندا، توڭلاش ئالدىدا تۇرغان تاقاقلارنىڭ بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە توڭلاپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

4. توما، چىغرىقلار قويۇلغان جاينى ئىسسىق ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، چىغرىقنىڭ ھەرىكەتچان قىسمىنىڭ توڭلاپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

5. قاتتىق سوغۇق، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئادەم كۈچى ئارقىلىق توما، چىغرىقلارنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ، تاقاق مەلۇم ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، توك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ھەر خىل ھادىسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.

6. توما ـ تاقاقلارنىڭ توڭلاش ئېھتىمالى بار بولغان قىسىملىرىغا سولىدول مېيى سۈركەش ئارقىلىق، بۇ خىل ماينىڭ سۇ يۇقماسلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ توڭلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

رەك. ئەگەر سۇنى كونترول قىلماي سۇغارغاندا يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ، تۇپراقنىڭ نەملىكى ئېشىپ، نوتا تېز ئۆسۈپ، ئۇزۇمنىڭ چاڭلىنىپ مېۋە تۇتۇشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئەگەر تۇپراقنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى كۈچلۈك، ھاۋا شارائىتى بەك قۇرغاق بولسا چېچەكلەشتىن بۇرۇن مۇۋاپىق مىقداردا سۇغارغاندا مېۋە تۇتۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**4. چېچەك تۆكۈلگەندىن كېيىنكى 10 كۈن ئىچىدىكى سۇغىرىش:** بۇ مەزگىلدە نوتا ئۆسۈپ تومپىيىدۇ، ياغاچلىشىدۇ، يوپۇرماق تېزلىكتە چوڭىيىدۇ، يېڭى غول رېتى تېزلىكتە شەكىللىنىدۇ، يىلتىز سىستېمىسى يېڭى يان يىلتىزلارنى چىقىرىدۇ، يىلتىزنىڭ تۇپراقتىن سۇ سۈمۈرۈشى ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىدۇ، بۇ مەزگىل ھۆل مېۋىنىڭ يوغىناش مەزگىلى بولۇپ، سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ.

**5. ھۆل مېۋىنىڭ رەڭ تۇزەش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش:** بۇ مەزگىلدە ھۆل مېۋە تېز سۈرئەتتە يوغىنايدىغان، ھۆل مېۋىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قەنت توپلىنىدىغان، نوتا توملىشىشقا، ياغاچلىشىشقا باشلىغان، غول رېتى تېزلىكتە بۆلۈنىدىغان مەزگىل بولۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا سۇ، ئوغۇت بىلەن تەمىنلىگەندە شۇ يىللىق مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇپلا قالماي، كېلەر يىللىق مەھسۇلاتنىڭ ياخشى بولۇشىغىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

**6. ئۇزۇمنىڭ پىشىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش:** بۇ مەزگىلدە تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق ساقلاش كېرەك. تۇپراق نەملىكى مۇۋاپىق بولغاندا يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، سۈپەتلىك ئۇزۇمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا سۈپىتى تۆۋەن بولىدۇ.

**7. ئۇزۇمنى كۆمۈشتىن بۇرۇنقى سۇغىرىش:** ئۇزۇمنى كۆمۈشتىن بۇرۇن سۇغارغاندا ئۇزۇم ياخشى كۆمۈلۈپ، ئۇزۇمنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە پايدىلىق بولىدۇ. شۇڭا ئۇزۇمنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن توڭ سۈيىنى ۋاقتىدا قويۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

## چۈجىلەرنىڭ فورازولىدوندىن زەھەرلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش

رەيھانگۈل توختى
(باي ناھىيە قارىباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 842300)

چۈجىلەردە ئاسانلا قورساق ئاغرىش، ئىچى سۈرۈش، شارچە قۇرت كېسىلى قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئادەتتە بۇ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا يېمىگە ۋە سۇيىگە فورازولىدون (痢特灵) قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما بېرىش مىقدارى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى توغرا بولماسلىق سەۋەبىدىن، چۈجىلەر ئاسانلا زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ.

**1. زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى:** زەھەرلەنگەن چۈجە روھسىزلىنىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، قانىتى ساڭگىلايدۇ، ئىغاڭشىپ ماڭىدۇ، سۈس سېرىق مايىقلايدۇ. كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە گومۇشلىشىش ياكى يېتىۋېلىش، قىسقا، جىددىي نەپەسلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ ئۆلىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش:** (1) دورا ئىشلىتىش مىقدارى توغرا بولۇش كېرەك. يەم ـ خەشەك ياكى سۇغا كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن فورازولىدوننى 0.02% نىسبەتتە، داۋالاش ئۈچۈن 0.04% نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر تەن ئېغىرلىقى بويىچە ھېسابلاپ بەرگەندە، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر كىلوگىرام ئېغىرلىققا يەتتە مىللىگىرامدىن، كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىققا 10 مىللىگىرامدىن بەرسە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتسە زەھەرلىنىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولىدۇ؛ (2) ئىشلىتىش ئۇسۇلى توغرا بولۇش لازىم. فورازولىدوننى ئاۋۋال يۇمشاق ئېزىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سوۋۇتۇلغان قايناق سۇدا ئېرىتىپ، ئاندىن سۇيىگە ياكى يېمىگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، چۈجىنىڭ ئېزىلمەي قالغان دورا پارچىلىرىنى يەۋېلىپ زەھەرلىنىشىدىن ساقلىنىش لازىم؛ (3) ئۇزۇن ۋاقىت ئۇدا دورا ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش لازىم. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى داۋالاش ئۈچۈن دورا ئىشلەتكەندە

# ئۆرۈك قېقىدا قوي بورداش ئۇسۇلى

روزى ياسىن
(قاراقاش ناھىيە تۇۋەت يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن 848100)

قويلار ئادەتتە ئوت ـ چۆپلەردىن باشقا قوناقنى ياما قىلىپ، بۇغداي ساـمىنى ياكى شال پاخىلىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش، سۇ، سامان، كېپەكنى ئاـرىلاشتۇرۇپ، ھەلەپ قىلىپ بېرىش ئارقىلىق بورداش مۇمكىن. قوي بورداشتا بېـقىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، سەمرىش ۋاقتى بەك ئۇزۇنغا بولماسلىق، ئۇنـۇم يۇقىرى بـولۇش تەكىتلىنـىدۇ. قوي بەك ئـۇزۇن ۋاقىت بېقىلسا، سەمرىگەن تەقدىردىمۇ زىيان كېلىپ چىقىدۇ. تۆۋەندە ئائىلىمىزدە ئـۇزاقـتىن بۇيان قوي بېقىشتا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۆرۈك قېقىدا قوي بېقىش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

1. ئالدى بىلەن ئۆرۈك قېقىنى تەييارلاپ، چوڭراق داسقا سېلىپ، سۇـزۇك سۇدا بىر نەچچە قېتىم پاكىز يۇيۇلىدۇ.

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

بىر داۋالاش باسقۇچى يەتتە كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، داۋاملىق دورا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە ئۈچ كۈن دورا ئىشلىتىشنى توختىتىپ، ئاندىن داۋاملىق ئىشلىتىش ياكى باشقا دورىلارنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك.

**3. داۋلاش:** ئاۋۋال فورازولىدوننى ئىشلىتىشنى توختىتىپ، تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاش لازىم: (1) 30 گىرام گىلىكوزىغا بىر گىرام ۋىتاـمىن C قوشۇپ، ئۇنى 500 مىللىلىتىر سوۋۇتۇلغان قايناقسۇدا ئېرىتىپ، كۈندە ئىككى قېتىم چۈجىگە ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا بېرىش كېرەك؛ (2) زەـھەرلەنگەن چۈجىگە ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم بىر مىللىلىتىر ۋىتامىن $B_1$ نى ئوكۇل قىلىش لازىم؛ (3) ھەر كـۈنى 3 ـ 4 قېتـىم ھەربىـر زەھەرلەنگەن چۈجىگە 1.5 مىللىلىتىر كالىي پېرمانگېنات (高锰酸钾) ئوكـۇل قىلىش كېرەك. يۇقىرىقى ئۇسۇللار بويىچە داۋالىغاندا 2 ـ 4 كۈندە ساقىيىپ كېـتىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ئۆردەك، غاز چۈجىلىرىنىڭ فورازولىدوندىن زەھەرـلىنىشىنى داۋالاشتىمۇ مەلۇم ئۈنۈمى بار. (02)

2. پاكىزلاپ بولغاندىن كېيىن، داسقا قاق لەيلەپ چىققۇدەك قىلىپ قايناق سۇ قۇيۇپ، 5 ـ 8 سائەت (قاق تولۇق ئېزىلىپ پارچىلانغانغا قەدەر) سۇغا چىلىنىدۇ.

3. ئۆرۈك قېقى تولۇق يۇمشاپ ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرىغۇدەك بولغاندا، قاقنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۇرۇقچىسى ئايرىۋېلىنىدۇ.

4. مۇۋاپىق مىقداردا سامانى تاسقاپ، توپىسىدىن ئايرىپ، ئۇقۇر ياكى چوڭراق داسقا تۆكۈپ، تاسقاپ تەييارلىغان سامانغا ئۇرۇقچىسىدىن ئايرىۋالغان ئۆرۈك قېقى (مەلهىمى) ۋە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز مىقداردا بۇغداي كېپىكى ئارىلاشتۇرۇلۇپ، قويغا بەرسە بولىدۇ.

ئۆرۈك قېقى تاتلىق، سۈيى شىرنىلىك بولغانلىقتىن قويلار ناھايىتى ياقتۇرۇپ يەيدۇ. ئۆرۈك قېقىنىڭ سۈيىنىمۇ ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئىچىدۇ. بۇنداق باققاندا قويلار تېز تويۇپ، كۆشەشكە باشلايدۇ.

دېمەك، ئۆرۈك قېقى بىلەن چارۋا باققاندا مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئىسراپچىلىق بولمايدۇ. بۇغداي سامىنى بولمىسا شال پاخلى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. شۇڭا بېقىش تەننەرخى بەك ئېشىپ كەتمەيدۇ. قوي، كالىلارنى بۇنداق ئۇسۇلدا باققاندا تېز سەمرىيدۇ، تېز ئۈنۈم كۆرۈلىدۇ. (02)

**ئىشتىياقلىق كۈچ - ئىشتىياقلىق غەلىبە،**
**بىلىملىك ئۇزار، بىلىمسىز توزار.**
**مۇشتۇمى زور بىرنى يېڭەر،**
**بىلىمى زور مىڭنى يېڭەر.**

# ئىنەكنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى پالەچلىك كېسىلىنى داۋالاش

ياسىن ھەبىبۇل
(يەكەن ناھىيە خانگدى بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

ئىنەكنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى پالەچلىك كېسىلى كالتسىي كەملىك كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تۇغۇتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇيۇقسىز يۈز بېرىدىغان، مادداى ئالمىشىش خاراكتېرلىك كېسەللىك. بۇ ئاساسلىقى ئىنەكتە كالتسىي يېتىشمەسلىك، پۈتۈن بەدەن ماغدۇرسىزلىنىش، ئۆرە تۇرغاندا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالماسلىق، روھىي چۈشكۈنلىشىش، ئىشتىھاسىزلىنىش، تۆت پۇتى پالەچلىنىش، قوپماي يېتىۋېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر بىلەن ئالاھىدىلىنىدۇ.

**1. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** سىيىرلار تۇغۇتتىن كېيىن قاندىكى كۆپ مىقداردا كالتسىينىڭ سەرپ بولۇشى سەۋەبىدىن قاندىكى كالتسىينىڭ مىقدارى تۆۋەنلەيدۇ. ئاشقازان ئۈچەينىڭ كالتسىي سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىزلىشىشى، بوغازلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھامىلىنىڭ تېز يېتىلىشى سەۋەبىدىن تەندىكى كۆپ مىقداردىكى كالتسىي خورايدۇ. بېقىپ ـ باشقۇرۇش جەھەتتە ئىنەكنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئاپتاپقا سالماسلىق، قوتان قاراڭغۇ بولۇش، ئىنەكنىڭ ھەرىكىتى ئاز بولۇش قاتارلىق ئامىللار پالەچلىك كېسەللىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك ئادەتتە 5 ـ 8 ياشقىچە بولغان، 3 ـ 5 كىچە موزايلىغان ئىنەكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە كېسەللەنگەن كالا يېتىۋېلىپ قوپمايدۇ، تۆت پۇتى ماغدۇرسىزلىنىدۇ. بېشىنى كەينىگە بۇراپ «S» شەكىللىك يېتىۋېلىش، ئىشتىھاسىزلىنىش، تەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەش، كۆشىمەسلىك، سىيمەسلىك، تېزەكلىمەسلىك، سۈت بېرىش مىقدارى تۆۋەنلەش، مېڭىشنى خالىماسلىق، كەينى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ دەسسەش، تۆت پۇتىنىڭ مۇسكۇللىرى تىترەش، بۇرۇن ئەينىكى قۇرغاقلىشىش، نەپەسلىنىش ئاستىلاش، پالەچلىنىش، ھوشسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**3. داۋالاش:** كالتسىي گىلىكونات سۇيۇقلۇقىدىن 800 مىللىلىتىر، 50% لىك گىلىكوزا سۇيۇقلۇقىدىن 1000 مىللىلىتىر، گىلىكوزا ـ تۇز

# رايون ئاتلاپ چارۋا توشۇغاندا ئۆلۈشنى ئازايتىش ئۇسۇلى

ساۋۇت رىشىت
(كەلپىن ناھىيەلىك چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 843600)

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان باقمىچى ئائىلىلەرنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ چارۋا يۆتكەپ، چارۋىلارنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، باقمىچىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قىزغىنلىقى قوزغالماقتا. ئەمما كۆپلىگەن باقمىچى ئائىلىلەرنىڭ سىرتتىن يۆتكەپ كىرگەن چارۋىسى ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوننىڭ ھاۋا رايىغا ماسلىشالماسلىق تۈپەيلىدىن، چارۋىلىرى ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ ھەتتا بىر قىسىملىرى كېسەل چارۋىلارنىمۇ يۆتكەپ كېلىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ، غايەت زور ئىقتىسادىي زىيانلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. شۇڭا باقمىچى ئائىلىلەر رايون ئاتلاپ چارۋا كىرگۈزۈشتە چوقۇم مۇھىت ئامىلىنى ئاۋۋال ئويلىشىپ، مۇھىتنىڭ يەكلىشىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك:

1. كىرگۈزىدىغان چارۋا سورتىنى مۇۋاپىق تاللاش كېرەك. چارۋا كىر -

---

سۇيۇقلۇقى 1000 مىللىلىتىر، كالتسىي خىلورىد (氯化钙) سۇيۇقلۇقى 200 مىللىلىتىر ۋېناغا ئوكۇل قىلىنىدۇ.

**4. ئالدىنى ئېلىش:** سىيىر تۇغۇشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن سېغىشنى توختىتىش، سىيىر تۇغقاندىن كېيىن ئاز مىقداردا قورۇق ئوت ـ چۆپ بېرىش، سەمىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇغۇشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن ۋىتامىن $D_3$ ئوكۇلىنى مۇسكۇلدىن ئۇرۇش، تۇغۇتتىن كېيىن سوغۇق سۇ بەرمەسلىك، ئىلمان سۇغا ئازراق قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئىنەك تۇغقاندىن كېيىن سېغىشقا ئالدىرىماسلىق، ئوغۇز سۈتىنى ساغقاندا يىلىنىدا ئازراق سۈت قالدۇرۇش، ھەممىنى تولۇق سېغىۋەتمەسلىك، ئاز ـ ئازدىن پات ـ پات سېغىش، سېغىن مەزگىلىدە ۋىتامىن $D_3$ نى كۈنىگە ئىككى قېتىم مۇسكۇلدىن ئۇرۇش، ئىنەك تېنى ۋە قوتاننىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش، ئىنەكنى دائىم سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ھەرىكەت قىلدۇرۇش ۋە ئاپتاپقا سېلىش كېرەك. (02)

گۆزۆشتە چوقۇم ئاۋۋال بازار ئەھۋالىنى ياخشى ئىگىلەپ، بازىرى ياخشى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان چارۋا سورتىنى تاللاش، ئەڭ مۇھىمى كىرگۈزىدىغان چارۋا سورتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ياخشى ئىگىلەپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ مۇھىتىغا ماسلىشامدۇ ـ يوق؟ چارۋا يۆتكەيدىغان ئورۇن بىلەن ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ھاۋا كىلىمات پەرقى قانچىلىك؟ دېگەنلەرنى ئاۋۋال ئويلاش كېرەك. ئەگەر ئىككى جاينىڭ مۇھىت پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كەتمىسە يۆتكەپ كىرىش كېرەك.

2. چارۋا كىرگۈزىدىغان باقمىچىلىق رايونى ياكى فېرمىنى ياخشى تاللاش كېرەك. چارۋا يۆتكەيدىغان جاي چوقۇم يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلمىگەن بولۇشى، چارۋا كىرگۈزىدىغان ئورۇننىڭ ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لاياقەتلىك كىنىشكىسى، مۇداپىئە ئارخىپى بولۇشى كېرەك. كىرگۈزىدىغان چارۋىلارنىڭ روھىي ھالىتىنى، يەم ـ خەشەك يېيىش ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ساغلام بولغانلىرىنى تاللاش كېرەك.

3. توشۇشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلارنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئالماقچى بولغان چارۋىلارغا توشۇشتىن بۇرۇن چوقۇم ئاقسىل كېسىلى، كۆشۈگۈچى كىچىك ھايۋانلار ۋاباسى قاتارلىق زۆرۈر بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى ئەملەش، ۋاكسىنا ئەملەپ يەتتە كۈنگىچە كۆزىتىپ، غەيرىي ئەھۋال بايقالمىسا ئاندىن كارانتىن لاياقەتلىك ئىسپاتنامىسىنى ئېلىپ، توشۇيدىغان قاتناش ۋاسىتىلىرىنى قاتتىق دېزىنفېكسىيە قىلىپ، ئىمكانىيەت يار بەرسە شۇ رايوننىڭ چارۋا بېقىۋاتقان يەم ـ خەشىدىن ئۈچ كۈن يەتكۈدەك ئېلىۋېلىپ، چارۋىلارنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا يۆتكەپ بولغاندىن كېيىن يەم ـ خەشەكنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن، چاۋىلاردا يامان تەسىر يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

4. يۆتكەش جەريانىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: چارۋىلارنى يۆتكەيدىغان قاتناش ۋاسىتىسىغا چىقىرىشتىن بۇرۇن چوقۇم چارۋىلارنى كارانتىن قىلىش لاياقەتلىك ئىسپاتنامىسى، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئىسپاتنامىسى، يۇقۇمدىن خالىي رايون ئىسپاتنامىسى قاتارلىق زۆ-

رۇر بولغان ئىسپاتلارنى چوقۇم ئېلىۋېلىش، چارۋىلارنىڭ مۇھىتىنىڭ يەك-لىنىشگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چوقۇم يۆتكەش ۋاقتىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ئىسسىق رايوندىن سوغۇق رايونغا يۆتكە-مەكچى بولسا چوقۇم يازدا يۆتكەش، سوغۇق رايوندىن ئىسسىق رايونغا يۆت-كىمەكچى بولسا چوقۇم قىش پەسلىدە يۆتكەش كېرەك.

5. مۇھىتنىڭ يەكلىنىشىدىن چارۋىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئازايتىشتا قوللىنىدىغان باشقا ئۇسۇللار: ھەرقانداق جايدىن چارۋا يۆتكەپ كىرگەندە، يۆتكەپ كىرگەن چارۋا مۇھىتنىڭ يەكلىنىشگە ئۇچرايدۇ. مۇھىتنىڭ يەك-لىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈشىنى، زىياننى ئازايتىش ئۈ-چۈن، چارۋا يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنى قورۇ ـ قوتان پاكىز، سالقىن بولۇشى كېرەك. ئۇسساپ، قورسىقى ئېچىپ كەتكەن چارۋىلارنىڭ سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ، يەم ـ بوغۇزنى كۆپ يەۋېلىپ قورساق كۆپۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمكانقەدەر 12 سائەت ئىچىدە سۇ بەرمەي، ئېلىپ كېلىنگەن يەم ـ بوغۇزنى ئازراق بېرىشى كېرەك. ئەگەر چارۋا يۆتكەپ كېلىنگەن ئورۇندىن يەم ـ بوغۇز بىرگە ئېلىپ كېلىنمىگەن بولسا شۇ جاينىڭ يەم ـ خەشىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، ئاسان ھەزىم بولىدىغان، سۇ تەركىبى يۇقىرى يەم ـ بوغۇز بېرىش كېرەك. 12 سائەتتىن كېيىن ئىچىملىك سۇغا 5% ئەتراپىدا شېكەر ۋە مۇرەككەپ ۋىتامىن بىرىكمىسى (多维素) نى قوشۇپ بېرىش كېرەك. ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىدىگە 5 ـ 7 كۈنگىچە خۇاڭسۇ (黄素)، جىنمېيكاڭ (金美康) قاتارلىق جۇڭيى دورىلىرىنى قوشۇپ بېرىش ياكى ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق دورىلارنى ئىشلىتىپ، يۆتكەپ كېلىنگەن چارۋىلارغا ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىش، زۇكامداش، ئىچى سۈرۈش، يۆتىلىش، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇش، بالا تاشلاش قاتارلىق مۇھىتنىڭ يەكلەش تەسىرىدىن يۈز بېرىش مۇمكىنلىكى بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چاۋىلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. (02)

# يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ ئەۋزەللىكلىرى

دىلنۇر مۆمىن
(ئاتۇش شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 845350)

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تەننەرخنى تېزرەك قايتۇرۇۋېلىپ، ئەڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەشغۇلاتىنىڭ يېڭى دائىرىسى ۋە بازىرىنى ئىزدەپ، يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت ھەتتا ئۆلكە ئاتلاپ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرۈش بىردىنبىر چىقىش يولىغا ئايلاندى. ئۇنداقتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرۈش قانداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە؟

1. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى بىلەن ئېھتىياجنى ئايرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش گەۋدىسىدىن ئايرىپ مۇستەقىل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرلىك كۆلىمى ۋە ئىقتىدارىنىڭ چەكلىمىسىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تېخنىكىسى مۇۋاپىق بولۇش، ئىقتىساد جەھەتتە ئۈنۈملۈك بولۇش پىرىنسىپى بويىچە مۇلازىمەت قىلغىلى ۋە كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كەڭ بولغاچقا، مەيلى دېھقانچىلىق چوڭ ئائىلىسى بولسۇن ياكى ئائىلىلەر بويىچە ھۆددە ئالغان بولسۇن ۋە ياكى ھەمكارلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بولسۇن، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، مەيلى كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر بولسۇن، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش مۇلازىمىتىگە ئېھتىياجلىق بولسىلا توختام، كېلىشىم، پاي ھەمكارلىقى، مۇلازىمەت سوغۇرتىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى ھەم زور مىقداردىكى زۆرۈر بولمىغان سەرمايىنى تېجەپ،

ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تېزدىن ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدا-
رىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرگەندە، يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش گەۋدىسىنى دېھقانچىلىقنى باشقۇرۇش
گەۋدىسىدىن ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاز
سېلىنما، ئەڭ ياخشى تېخنىكا، ئىقتىسادىي ھالەت بىلەن ئەڭ زور كۆلەم،
ئەڭ زور دائىرىدە يېزا ئىقتىسادىي ۋە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈ-
چۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ئاز سېلىنما بىلەن زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئې-
رىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرگەندە يېزا
ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشتىكى يېڭى تېخنىكا، يېڭى ماشىنا - ئۈسكۈ-
نىلەرنى كېڭەيتىشنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى
مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى تېخنىكىلىق ماشىنا سايمانلارنى ئىش-
لىتىشى ئەڭ ياخشى پايدىغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن بىردەك بولىدۇ.
مەبلەغ، ماشىنا - سايمان، تېخنىك قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى
توپلاپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ سەپلەشكە پايدىلىق بولىدۇ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بەزى ئىقتىسادىي گەۋدە خاراكتېرلىك
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرى شارائىت ھازىرلانغان
ئەھۋالدا بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى بويىچە تېز تەرەققىي قىلىپ، پەن تەتقى-
قات، ئىشلەپچىقىرىش، كېڭەيتىش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىشنى بىر گەۋدە قىلغان
بازارغا ئايلىنىپ، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئارقىلىق پەن - تېخ-
نىكا نەتىجىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىشىنى تېزلەتكىلى
ھەم يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

4. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرگەندە، دېھ-
قانچىلىقنىڭ كۆلەملىشىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرۈش يېزا ئىگىلىك
ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنىڭ كەسىپلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىشىنى ئىل-

# يېزا ـ ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرايلى

كەنجاخۇن ئېزىز
(چاپچال ناھىيە قوغۇنچى يېزىلىق پىلانلاش ئىشخانىسىدىن 845300)

كەسىپلەشتۈرۈپ ئىگىلىك باشقۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش نۆۋەتتە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى مەلۇم رايون دائىرىسىدە يېزىلاردىكى ھەر قايسى كەسىپي تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمدە ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىرىكىش شەكلى ۋە نىسپەت مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا ئالدى بىلەن يېزا-ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللارنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان سەرخىل كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تاللاپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك، بۇ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. پەن ـ تېخنىكىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈپ، كەڭ يېزا ـ قىشلاقلاردىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

---

گىرى سۇرىدۇ. يەرلەرنىڭ ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزگەرتمەسلىك شەرتى ئاستىدا، سورتلۇق ئۇرۇق تېرىش ۋە مەشغۇلاتتا بىر تۇتاش بولۇشنى يولغا قويغاندا، كۆلەملىك ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەكرار سېتىۋېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتىنى كەسىپلەشتۈرۈش يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى بوشلۇق ھازىرلاپ بېرىدۇ. (02)

2. بازار ئېھتىياجىنى توغرا مۆلچەرلەش كېرەك. بازار ئېھتىياجى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كەسكىن بازار رىقابىتىدە مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن مەھسۇلاتنى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەش، بازارنىڭ ئۆزۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى بىلەن مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ نىشانىنى تەڭشەش كېرەك.

3. تەبىئىي بايلىق ۋە ئىقتىسادىي بايلىقتىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. تەبىئىي بايلىق ۋە ئىقتىسادىي بايلىق يېزىلاردىكى كەسىپى قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى ماددىي ئاساس. يېزىلاردىكى تەبىئىي بايلىق يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، كىلىمات بايلىقى ۋە بىئولوگىيەلىك بايلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىقتىسادىي بايلىق نوپۇس، ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ، قاتناش ترانسپىرت، ئېنېرگىيە كۈچى، تېخنىكا - ئۈسكىنىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىشتا جايلار ۋە رايونلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان كەسىپلەرنى تاللاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم يارىتىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

4. مەبلەغ مەسىلىسىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. مەبلەغ يېزىلاردا كەسىپ قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈشنىڭ تۈپ شەرتى. يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەبىئىي بايلىقتىن پايدىلىنىشتىمۇ مەبلەغقە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مەبلەغ ئىشلىتىشنى ھەقىقىي تۇردە چىڭ تۇتۇپ، مەبلەغ ئوبورىتىنى جانلاندۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانا تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك.

5. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بىر تۈركۈم يېڭى، يۇقىرى تېخنىكىنى ئاساس قىلغان كەسىپلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق كە-

# دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۇسۇلى

رەھمىتۇللا شەمشىدىن
(غۇلجا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 835000)

ئۆلچەملىك دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى بولۇش ئۇچۇن قانۇنـ نى بەلگىلىمە بويىچە مۇنداق ئالتە تۈرلۈك شارائىتنى ھازىرلىشى لازىم:

1. «دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن بەش تۈرلۈك پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىش كېرەك: (1) كوپىراتىپ ئەزالىرى دېھقانلارنى ئاساس قىلىش، دېھقانلار كوپىراتىپىنىڭ خوجايىنى بولۇش، دېھقان ئەزالار ئومۇمىي ئەزا سانىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 80% نى تەشكىل قىلىشى كېرەك؛ (2) كوپىراتىپ ئەزالىرىغا مۇلازىمەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، بارلىق ئەزالارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزلەش كېرەك. ھەمكارلىق كوپىراتىپى ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان ئىقتىسادىي تەشكىلات بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ «ئەزالارنى ئاساسلىق مۇلازىمەت ئوبـ يېكتى قىلىش، پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماي، پۈتۈن ئەزالارنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان» تىجارەت پىرىنسىپىنى بەلگىلىگەن؛ (3) كوـ پىراتىپقا ئىختىيارى كىرىش ۋە كوپىراتىپتىن ئىختىيارى چېكىنىش پىـ رىنسىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. دېھقانلار كوپىراتىپقا ئىختىيارى كىرسە بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە كوپىراتىپتىن ئىختىيارى چېكىنسە بولىدۇ. كوپىراـ

سىپلەر يېزا ئىگىلىك، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا، جۈملىدىن دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

6. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىگە تايىنىش كېرەك. جايلار كەسپىي قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، دېھقانلار كىرىمىنى ئاشۇـ رۇشتا چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ ھەرخىل ئېتىبار سىياسەتلىرىدىن تولۇق پايـ دىلىنىش كېرەك. يېزاـ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىش دېھقانلارنى بېـ يىش يولىغا يېتەكلەپ، ئاخىرىدا ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق.(05)

تىپتىن چىكىنگەندە ئەزالار ئۆزى چىقارغان مەبلەغ سوممىسى، كوللېكتىپ فونددىن تەقسىم قىلىنغان قىسمى ۋە تەقسىم قىلىندىغان پايدا قاتارلىقلار-نى ئېلىپ كەتسە بولىدۇ؛ (4) ئەزالار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش يۈرگۈزۈلىدۇ. ھەربىر كوپېراتىپ ئەزاسى ئەزالار يىغىنى، كې-ڭەش يىغىنى، ئىجرائىيە نازارەتچىسى قاتارلىق تەشكىلىي ئاپپاراتلار ۋە دې-موكراتىك تەرتىپلەر ئارقىلىق، كوپېراتىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيەتلىرىنى تىزگىنلەيدۇ؛ (5) پايدىنى ئەزالارنىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن قىلغان سودا سوممىسىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىدۇ. پايدا تەقسىم قىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى، دېھقانلار كەس-پىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن بول-غان مۇھىم پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

2. مۇكەممەل قائىدە - تۈزۈم ۋە نىزاملارنى بېكىتىش لازىم: (1) نىزام-نامە تۈزۈشتە قانۇننى ئاساس قىلىپ تۈزۈش، بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قى-لىش كېرەك؛ (2) نىزامنامە مەزكۇر كوپېراتىپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇي-غۇن بولۇشى، نىزامنامە تۈزۈشتە، يېزا - ئىگىلىك مىنىستىرلىقىنىڭ نىزامنامىسىنى ئۈلگە قىلىشى كېرەك؛ (3) نىزامنامىنى بارلىق كوپېراتىپ ئەزالىرى ئورتاق قاتنىشىپ، بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈش، بارلىق ئەزالار نىزامنامىغا قول قويۇپ، تامغا باسقاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولد-شى كېرەك؛ (4) ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مۇھىم ئىش تۈرلىرىنى ئەزالار كېڭىشىپ بېكىتكەندىن كېيىن نىزامنامىغا كىرگۈزۈشى كېرەك. مەسىلەن: ئەزالار سالاھىيىتى، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەت، تەشكىلىي ئاپ-پارات، مالىيە باشقۇرۇش، پايدا تەقسىملەش قاتارلىق مەزمۇنلاردا ئېنىق قارار چىقىرىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا نىزامنامە ئاساسىدا يەنىمۇ ئىل-گىرىلىگەن ھالدا تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: ئەزالار يىغىنى، كېڭەش يىغىنى، ئىجرائىيە نازارەتچىد-لىك، تىجارەت باشقۇرۇش، مالىيە، كادىرلار ئىشلىرى، ئارخىپ قاتارلىقلار.

4. دېھقانلار كەسپى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ناھىيە (شەھەر) لىك سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىمغا ئالدۇرۇپ، تىجارەت ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ 20 كۈن ئىچىدە شۇ ئورۇندىكى يېزا ئىگىلىك (ئىگىلىك باشقۇرۇش) تارماقلىرىغا ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئارخىپلاشتۇرۇش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تولۇق تاپشۇرۇش كېرەك. كوپىراتىپىنىڭ نامى، تۇرۇشلۇق ئورنى، ئەزالارنىڭ مەبلەغ چىقىرىش سوممىسى، كەسىپ دائىرىسى قاتارلىقلار تولۇق ئەسكەرتىلىشى كېرەك. كوپىراتىپ ئەزالىرىدا ئۆزگىرىش بولغان ۋە نىزامنامىغا تۈزىتىش كىرگۈزگەنلەر تىزىملاتقان ئورۇنغا يوللاپ ئارخىپقا كىرگۈزۈشى كېرەك.

5. تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەمكارلىق كوپىراتىپى دائىمىي ئەزالار يىغىنى ۋە كېڭەش باشلىقىدىن ئىبارەت ئىككى قانۇن ۋەكىلى ئورگىنىنى چوقۇم قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئەزالار يىغىنى قانۇن بېكىتكەن ھوقۇقلۇق ئاپپارات بولۇپ، كېڭەش باشلىقى كوپىراتىپ قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ئېنىق بېكىتىلگەن قانۇنىي ۋەكىل بولىدۇ.

6. ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. (1) كوپىراتىپىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش تولىمۇ زۆرۈر. دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئەزالارنى خوجايىنلىق ئايلاندۇرۇپ، ئەزالارنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ئورگانلىرىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق تەدبىر بەلگىلەش ۋە باشقۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئاساسلىق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. بىرى ئەزالارنى يىغىنغا قاتنىشىش، قارار قىلىش ھوقۇقى، سايلىنىش ۋە سايلاش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىش؛ يەنە بىرى «بىر ئادەم بىر بېلەت» تۈزۈمى ئارقىلىق ئەزالارنىڭ ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت؛ (2) ھەمكارلىق كوپىراتىپىدىكى مالىيە باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. مالىيە باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆت تەرەپتىن ئىپادىلىنىدۇ: ① ھەمكارلىق كوپىراتىپ مالىيە مىنىستىرلىقى بېكىتكەن دېھقانلار

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**53 - ماددا** ئاتا - ئانىلار ياكى باشقا ۋەسىيلەردىن ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماي ياكى ۋەسىيلىك قىلىنىدىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان سېلىپ، تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەتمىگەنلىرىنىڭ ۋەسىيلىك سالاھىيىتىنى خەلق سوت مەھكىمىسى ئالاقىدار خادىملار ياكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئىلتىماسى بىلەن بىكار قىلىپ، قانۇن بويىچە باشقا ۋەسىي بېكىتسە بولىدۇ. ۋەسىيلىك سالاھىيىتى بىكار قىلىنغان ئاتا - ئانىلار تەربىيىلەش خىراجىتىنى قانۇن بويىچە داۋاملىق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

**54 - ماددا** قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە تەربىيىلەش، تەسىرلەندۈرۈش، قۇتقۇزۇۋېلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ، تەربىيىنى ئاساس قىلىش، جازالاشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇن بويىچە يېنىك، يېنىكلىتىپ جازا بېرىش ياكى جازانى كەچۈرۈم قىلىش كېرەك.

**55 - ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، خەلق تەپتىش مەھكەمىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرى ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش دېلولىرى-

---

كەسپى ھەمكارلىق كوپېراتىپى مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈمى بويىچە بوغالتىرلىق ھېساباتى قىلىش كېرەك؛ ② ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ھەر قايسى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى مالىيە باشقۇرۇشقا قارىتا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ ③ ئەزالار بىلەن بولغان سودا ۋە غەيرىي ئەزالار بىلەن بولغان سودا ئايرىم ھېسابلىنىدۇ؛ ④ ئەزالار ھېساباتىنى تۇرغۇزۇش، ئەزالار چىقارغان مەبلەغ سوممىسى، ئاممىۋى فوندىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئەزالار بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ سودىسى قاتارلىقلارنى تىزىملاشتىن ئىبارەت. (05)

نى بېجىرىشتە، قوراللىق ئۇرۇشلاردا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئېتىبار بېرىشى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيلىقىغا ھۆرمەت قىلىشى، قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ھەمدە ئېھتىياجىغا قاراپ، بۇنداق دېلولارنى بېجىرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇشى ياكى مەخسۇس ئادەم بەلگىلىشى كېرەك.

**56 ـ ماددا** جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قوراللىق يەتمىگەن جىنايەت گۇماندارلىرىدىن سوئال سوراشتا، قوراللىق يەتمىگەن گۇۋاھچى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدىن گەپ سوراشتا، ۋەسىيلىرىگە تۆپىدە تۇرۇشنى ئۇقتۇرۇشى كېرەك. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى قوراللىق يەتمىگەنلەر جىنسىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى قوغدىشى كېرەك.

**57 ـ ماددا** قوراللىق يەتمىگەنلەردىن قاماپ تۇرۇلۇۋاتقان، جازا ئۆتەۋاتقانلىرىنى قوراللىق يەتكەنلەردىن ئايرىپ قاماش كېرەك. قاماپ تۇرۇلۇۋاتقان، جازا ئۆتەۋاتقان قوراللىق يەتمىگەنلەردىن مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تاماملىمىغانلىرىغا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش كېرەك. قوراللىق يەتمىگەنلەردىن قاماقتىن بوشىتىلغان، جازا مۇددىتى توشقانلىرى قايتا ئوقۇشقا كىرسە، يۇقىرىلاپ ئوقۇسا، ئىشقا ئورۇنلاشسا كەمسىتىلمەيدۇ.

**58 ـ ماددا** قوراللىق يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت دېلولىرىدا ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، ئولتۇرۇشلۇق جايى، رەسىمى، سۈرىتى ۋە ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىپ بىلگىلى بولىدىغان ماتېرىياللىرىنى ئاخبارات ۋاستىلىرى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى، ئاشكارا نەشر بۇيۇملىرى ۋە ئالاقە تورى قاتارلىقلاردا ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ.

**59 ـ ماددا** قوراللىق يەتمىگەنلەرنىڭ بەك ناچار ئىللەتنى تۈزەش ۋە جىنايى قىلمىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، قوراللىق يەتمىگەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىنىدۇ. (05)

# ئىتتىپاقلىق ھەققىدە قوشاقلار

مۇھەممەتجان ئىسمائىل پۇناقى
(چىرا ناھىيەلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848300)

تەڭرى تېغى ھەيۋەتتۇر،
كۆك بىلەن بوي تالاشقان.
مىللەتلەرنىڭ قەلبىگە،
دوستلۇق مېھرى ئورناشقان.

تاش ئۆستەڭگە سۇ كەلسە،
ئۆركەش ياساپ ئاقىدۇ.
«ئۆچتىن ئايرىلالماسلىق»،
ھەر مىللەتكە ياقىدۇ.

كونلۇن تاغ ئېگىز تاغ،
ئۇندىن قۇشلار ئاشالماس.
بارچە مىللەت ئىناق بەك،
دۈشمەن كۈچلەر بۇزالماس.

ئېسىل قاشتاش چىقىدۇ،
كونلۇن، يۇرۇڭقاشتىن.
پەرق قىلماس ھەر مىللەت،
بىر تۇغقان، قېرىنداشتىن.

ئەجرىمىزدىن گۈل بولدى،
كونلۇننىڭ ئېتىكى.
زەنجىر كەبى باغلانغان،
مىللەتلەر يۈرىكى.

كەلسە مەيىن شاماللار،
گۈل ـ گىياھلار يەلپۈنەر.
ئىناق ئۆتكەن تۇرمۇشتىن،
بارچە مىللەت سۆيۈنەر.

يېڭى ناخشا ئاڭلىساق،
كېتەر جانلار سۆيۈنۈپ،
بارچە مىللەت ئۆتىمىز،
بىر تۇغقاندەك كۆيۈنۈپ.

يۇرتلار ئارا داڭلىقتۇر،
گۇما، چىرا ئانارى.
ئىلگىرىلەيدۇ ھەر مىللەت،
قول تۇتۇشۇپ قاتارى.

يۇرتىمىزنىڭ قوينىدىن،
يول ئالدۇق تارام ـ تارام.
بارچە مىللەت ياشايمىز،
دوست بولۇپ خۇشال ـ خورام.

باھار كەلسە باغلاردا،
قۇشلار سايراپ ھارمايدۇ.
مۇقىملىقنى ھەر مىللەت،
جاننى تىكىپ قوغدايدۇ. (02)

كىشىلىك جەمئىيەتتە ئوقۇتقۇچىنىڭ
مېھنىتىدىن پەخىرلىكرەك مېھنەت يوقتۇر.
چۈنكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى،
قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى
ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى
مېھنىتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.

——— ئەخمەتجان قاسىمى



# ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!




مەزكۇر مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇئارىپىمىز ئۈچۈن تەر تۆكۈۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلارغا بايراملىق سالام

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

**农村科技**
(月刊)

**يېزا پەن ـــ تېخنىكىسى**
(ئايلىق ژۇرنال)

---

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 ـــ 0991
مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016

---